# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学研究


( ئىچكى ژورنال　内部刊物 )

1986 - يىل 1 - 2 - ئاي　　ئۇيغۇرچە 1 - 2 - سان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

新疆维吾尔自治区社会科学院


## «ئىپارخان» ھەققىدىكى ماقالىلار


جى داچۈن: قەشقەردىكى «ئىپارخان قەۋرىسى» توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرگە قارىتا تۈزىتىش ..........

شياۋ جۈشىن: «ئىپارخان» ھەققىدە يېڭى تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار ..........

جى داچۈن: «ئىپارخان» نىڭ دادىسى ھەققىدە ئىزدىنىش — يولداش شياۋ جۈشىن بىلەن مەسلىھەت ..........

شياۋ جۈشىن: «ئىپارخان» نىڭ دادىسىنى ئىسپاتلاشتا خان سارىيىدىكى ئارخىپقا ئاساسلىنىش كېرەك — «ئىپارخان» نىڭ دادىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» كە جاۋاپ ..........

ئىپارخاننىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان يېڭى ئىزلار تېپىلدى (چىڭ سۇلالىسى دۆلەتلىك خان قەۋرىستانلىقىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى) ..........

شى موجۇاڭ: «ئىپارخان قەۋرىسى» توغرىسىدىكى گۇمانلار — قەدىمدىن قالغان «ئىپارخان قەۋرىسى» توغرىسىدىكى سىر ئېچىلدى ..........

ئۆمەرجان روزى: «ئىپارخان» ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ..........

www.uyghurkitap.com

# قەشقەردىكى «ئىپارخان قەبرىسى» توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرگە قارىتا تۈزىتىش

جى داچۈن

چېگرا شەھەر — قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىر قەدىمىي قەبرە بار. ئېگىز گۈمبەزلىك بۇ قەبرە يىراقتىن قارىغاندا ھەشەمەتلىك كۆرۈنىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى مۇسۇلمانچە قەبرە قۇرۇلۇشى، بولۇپ بەزى خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئۇنى «ئىپارخان قەبرىسى» دەپ ئاتىشىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان ئاشۇنداق بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ كەلمەكتە. كېيىنكى چاغلاردا بەزى ھەۋەسكارلار بىر پارچە سىزما رەسىمنى ئاپپاراتقا ئېلىپ، بۇ «ئىپارخاننىڭ سۈرىتى» دەپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىققان. مۇشۇنداق قىلىپ بۇنىڭغا يەنە بىر قانچە مۇناسىۋەتسىز كىشى ۋە ئىشلار قوشۇلۇپ بىر خىل تارىخىي «خاتا ئەنزە» ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ خاتا نەرسە خاتاچە تارقىلىپ، تارقالغانسېرى كېڭىيىپ، ئېكىسكۇرسىيىگە بارغان جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك كىشىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن كۈلكىلىك سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەسىرى ناھايىتى يامان بولغان.

بۇ تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئېنىقلاپ، بۇ خاتا ئەنزىنى تۈزىتىش ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە جايلارنىڭ كەسكىن تەلىپى بولۇپ قالدى.

بۇ ماقالىدا تارىخىي يازما ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن، تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇشتۇرۇپ، مۇجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پاكىتلارنى ئېنىقلىماقچىمىز. خاتا ۋە نامۇۋاپىق جايلىرىغا يولداشلارنىڭ كۆپلەپ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. رۇڭفېي ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى

چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ بىر كىچىك خانىشى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئوردىدىكى رەسمىي ئىسمى «رۇڭفېي»* دەپ ئاتىلاتتى. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلار. خانىشلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «رۇڭفېي خوجا جەمەتىدىن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تەيجى خوجامىنىڭ قىزى ئىدى. دەسلەپ

*رۇڭفېي (容妃) — ساھىبجامال كىچىك خانىش، ساھىبجامال شاھبانۇ، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوردىغا كىرگەندە، 〈贵人〉 (گۈيرېن يەنى ئېسىلزادە) دەپ ئاتالغان. كېيىن مەرتىۋىسى ئۆسۈپ كىچىك خانىشلىققا كۆتۈرۈلگەن. كېيىن ۋاپات بولغان.»① كىشىلەر ئادەتتە دەۋاتقان «شياڭفېي» (ئىپارخان) ئەنە شۇنىڭ ئۆزى.

رۇڭفېي توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر ناھايىتى كەم. «چىڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرى» دە دەسلەپ ئۇچرايدىغان «خوجا جەمەتى» گۈيرېن توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 12 - ئايدا (1762 - يىلى 1 - ئايدا)، خان ئانا ئەمىر چۈشۈرۈپ، خوجا جەمەتى گۈيرېنغا «توقال خانىش» (嫔) لىق ئۇنۋان بەرگەن، ② يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇنى رەسمىي بېكىتكەن. 33 - يىلى 6 - ئاي (1768 - يىلى 7 - ئاي) دا، خان ئانا ئەمىر چۈشۈرۈپ توقال خانىشقا «كىچىك خانىش» لىق ئۇنۋان بەرگەن. 10 - ئاي (11 - ئاي) دا، خوجا جەمەتى توقال خانىش ئىپارخاننى «ساھىبجامال كىچىك خانىش» دەپ رەسمىي بېكىتكەن. ③ چىڭ سۇلالىسى خان ئوردىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، پادىشا ئوردىسىدا بىر خانىشتىن قالسا يەنە بىر شاھ بانۇ (皇贵妃)، ئىككى ئەتىۋالىق كىچىك خانىش (贵妃)، تۆت كىچىك خانىش (妃)، ئالتە توقال خانىش (嫔) بولاتتى، بۇلاردىن باشقا يەنە ئېسىلزادىلەر (贵人)، كېنىزەكلەر (常在) ۋە چۆرە قىزلار (答应) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك سانى يوق ئىدى④. دېمەك، ئارقا ئوردىدا 3000 خان - قىزلار بار دېگىنى مانا مۇشۇلارنى كۆرسىتەتتى. بۇنىڭدىن ساھىبجامال كىچىك خانىش ئىپارخاننىڭ ئارقا ئوردىدا خېلى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ساھىبجامال كىچىك خانىش ئىپارخاننىڭ ئائىلە نەسەبى توغرىلىق، تارىختا ئوچۇق بىر نەرسە يېزىلمىغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلار. كىچىك خانىشلار تەزكىرىسى» دىكى بىر نەچچە جۈملە سۆزلەردىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، ئۇ خوجا جەمەتىدىن ئىكەنلىكى، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ دادىسى تەيجىلىك مەرتىۋىدە ئۆتكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئىككى شەرتكە ئىگە بولغان كىشى تارىختا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ، بۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى)، چوڭ خوجا بۇرھانىدىن بىلەن كىچىك خوجا خوجا جاھان مەنچىڭ خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ بۆلۈنۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان، ئىككى يىلدىن كېيىن مەنچىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تىنچلاندۇرۇلغان. بۇرھانىدىن بىلەن خوجا جاھان ئاكا - ئۇكا بۇ ئىككىسى XⅦ - ئەسىردىكى ئاق تاغلىقلار باشلىقى ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارامەت خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ قېتىمقى توپىلاڭغا قارشى تۇرغان. بۇرھانىدىن ئاكا - ئۇكا توپىلاڭ كۆتەرگەندە، مۆمىنىنىڭ بەشىنچى ئوغلى ھوسەيىن

(يەنى ئەرك خوجا) نىڭ باشچىلىقىدا، ئۇنىڭ ئىنىسى پەرسا، چوڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ماموت (يەنى ئوتتۇرانچى خوجا)، ئۈچىنچى ئاكىسىنىڭ ئوغلى تۇردى ھەمدە شىرەم تۇغقىنى بولغان ئابدۇراخمان قاتارلىقلار قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان. كېيىن مەنچىڭ قوشۇنلىرى توپىلاڭنى تىنچىتقىلى بارغاندا، مەنچىڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ قەشقەر ۋە يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشقان.

چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (1760-يىلى)، ھوسىيىن قاتارلىق بەش ئائىلىلىك خوجا بىلەن يەنە توپىلاڭنى تىنچىتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۈچ ئائىلە ئۇيغۇر تەبىقە كىشىلىرى كەينى-كەينىدىن بېيجىڭگە بېرىپ چيەنلۇڭ خانغا بەيئەت قىلغان، چيەنلۇڭ خان ئۇلارنى بېيجىڭدا ئەپقېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرغان ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ بېيجىڭگە ئەكەلدۈرگەن. چيەنلۇڭ خان يەنە ھوسىيىنگە ئوتتۇرانچى گۇڭلۇق (辅国公) ئۇنۋان بەرگەن. شۇنىڭدەك تۇردى، ماموت، ئابدۇراخمان، پەرسا قاتارلىق كىشىلەرگە 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك تەيجى دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن؛ ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇردىنى يەنە ئوتتۇرانچى گۇڭلۇققا ئۆستۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، خوجا ئەۋلادى بولمىغان ئۈچ ئائىلىلىك كىشىدىن غوجەش بەگكە «بېل» دېگەن ئۇنۋاننى، ھاشىق (؟) گە «ئوتتۇرانچى گۇڭ» لۇق، ھاشىمغا «تەيجى» لىك ئۇنۋاننى بەرگەن. بۇ سەككىز ئائىلىلىك كىشى موڭغۇل ئاق تۇغ قوشۇن تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلگەن⑥. تارىخ كىتابلىرىدا ئۇلارنى «سەككىز بەگ» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «سەككىز بەگ» بېيجىڭگە ئۆزلىرى بىلەن بىللە غوجىدار، خىزمەتكار، دېدەك، ئاخۇن قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېلىپ بارغان.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىكى ئۇنۋانى ئۆسكەن ۋە ئۇنۋانغا ئىگە بولغانلاردىن يەنە يەتتە ئائىلە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: قۇمۇل، تۇرپاننىڭ باشلىقلىرىغا كاڭشى خان ۋە يۇڭجېڭ خاننىڭ ۋاقتىدا «جۈنۋاڭ» لىق ئۇنۋانى بېرىلگەن؛ كۇچا، ئاقسۇ، باي، خوتەن، ئۈچتۇرپانلارنىڭ باشلىقلىرىغا گۇڭلۇق ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەرگە «تەيجى» لىك ئۇنۋانىمۇ بېرىلگەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا خوجىلىق مەرتىۋىسى يوق ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىپارخاننى بېيجىڭدا ئاق تۇغ قوشۇنغا كىرگەن ھېلىقى خوجا جەمەتلىرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قىياس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ بېيجىڭگە 1760-يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارغان. بۇ قىياس «چىلىك سۇلالىسى گاۋزۇك ئوردا خاتىرىسى» دە دەسلەپ ئۇچرايدىغان «خوجا جەمەتلىرى» نىڭ يىللىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىپارخاننىڭ ئاتىسى كىم؟ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلار. خانىشلار تەزكىرىسى» دە ئۇنى تەيجى خوجامنىڭ قىزى دېيىلگەن. «تەيجى» ۋە «خوجام» دېگەن بۇ سۆزلەر شەخسنىڭ ئىسمى ئەمەس، شۇڭا بۇ يەردە ئىپارخان كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكى مەسىلىسى تېخى ھەل بولغىنى يوق.

ھازىر ئىككى خىل ماتېرىيال بار. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىپارخاننىڭ ئۆز ئاتىسى توغرىلىق مۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇ:

1. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى راۋايەتلەردە ئىپارخان تۇردىنىڭ ھەمشىرىسى دېيىلىدۇ. تۇردىنىڭ ئاتىسى ئەلىخوجا بولۇپ، ئۇنىڭغا تەيجىلىك ئۇنۋان بېرىلمىگەن، شۇڭا ئۇ، مۇشۇ مەزگىلدىكى بىر مۇنچە پائالىيەتلەردە ئوتتۇرىغا چىقمىغان. پەرىزىمىزچە، ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىپارخاننىڭ تۇردى بىلەن بىر قېرىنداش ئاكا-سىڭىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىر نەۋرە ئاكا-سىڭىل دېيىلىدىغان بولسا، تەيجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولغان تۆت كىشى ئىچىدە، تۇردى بىلەن ماموت ئۇنىڭ بىلەن بىر دەرىجىلىك بولغانلىقى سىرتىدا، پەرسا بىلەن ئابدۇراخمان ئىككىسىلا ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە چوڭ بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئىپارخاننىڭ ئاتىسى مۇشۇ ئىككى تەيجىنىڭ بىرسى بولۇشى كېرەك.

2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپ، بېيجىڭدىن قەشقەرگە قايتقانلار خوجىلار مازىرىنىڭ ۋەخپە يەر ۋە مۈلۈكلىرىنى تالىشىپ كۆپ دەۋا قىلىشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى داياڭشى (؟) دېگەن ئايال ئېرىمىنىڭ چوڭ بوۋىسى ئىپارخاننىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بولىدۇ، دەپ بىر پارچە نەسەبنامىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ نەسابنامىدە يېزىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە كۆپىنچە ئوخشاشمايدۇ. بۇنىڭ يالغاندىن ياساپ چىققان نەسەبنامە ئىكەنلىكى ئېنىق. لېكىن ياڭ زېڭشىنىڭ «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» دېگەن ئەسىرىدە، ئىپارخاننىڭ ئاتىسى «پارىس» دېيىلگەن. «پارىس» ⑦ بىلەن پەرسا بىر ئىسىمنىڭ ئوخشاشمىغان تەرجىمىسى. بېيجىڭدا ئولتۇراقلاشقان داياڭشى (؟) قاتارلىقلار ئىپارخاننىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلسە كېرەك، ئەلۋەتتە.

يەككە ئىسپاتنى كۈچكە ئىگە قىلىش تەس. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى نۇقتىنى «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلار. خانىشلار تەزكىرىسى» بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئىپارخاننى 3-دەرىجىلىك تەيجى پەرسانىڭ قىزى دەپ قىياس

قىلسا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. چىيەنلۇڭ خاننىڭ ئىپارخاننى كىچىك خانىشلىققا قوبۇل قىلىشتىكى مەقسىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خوجىلارنى ۋە بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق «سەككىز بەگ» قاتارلىق ئۇيغۇرلاردىن بولغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئىپارخاننىڭ ئارقا ئوردىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا، 1938 - يىلى مېڭ سېن دېگەن كىشى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ، ئىپارخاننىڭ يېڭى ياسالغان «تولۇن ئاي» راۋىقىدا ئولتۇرغانلىقىنى، چىيەنلۇڭ خانغا ھەمرا بولۇپ رەخې (خېبېينىڭ چېڭدې دېگەن جايى) غا ئىشكارغا چىققانلىقىنى، ئوردىدا ياللاپ ئىشلەتكەن ئەجنەبىي رەسساملىرىنىڭ ئۇنىڭ رەسىمىنى ماي بوياق بىلەن سىزىپ چىققانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغان. مېڭ سېن يەنە چىيەنلۇڭ خاننىڭ يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، چىيەنلۇڭنىڭ ئىپارخانغا بەكمۇ ئامراق ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان . بۇ ماقالىدە بۇنى كۆپ تەسۋىرلەپ ئولتۇرماستىن، ئازغىنە قوشۇمچە قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

شىنجاڭنىڭ باي ناھىيىسىدىن چىققان موللا مۇسا سايرامى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىر تارىخ كىتاب يازغان. بۇنىڭدا كەلتۈرۈلگەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر راۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: جەنۇبىي شىنجاڭدا ساھىبجاماللىقتا تەڭدېشى يوق بىر گۈزەل قىز بولغان ئىكەن، بۇ قىز 15 ياشقا كىرگەندە ئەمەلـ دارلار ئۇنى پادىشاغا خوتۇنلۇققا سوغا قىپتۇ، ئۇ خانغا بەكمۇ ياراپ كېتىپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىردە، خان ئۇنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆڭـ لىنىڭ نېمە ئۈچۈن مالال بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ: مېنىڭ يۇرتۇمدا يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، چېچىكى ئالتۇندىن بولغان بىر خىل دەرەخ بار، بۇ دەرەخ چېچەكلىگەندە چەكـ سىز خۇش پۇراق چاچىدۇ، مەن ئۆز يۇرتۇمنى سېغىنىپ يىغلىدىم، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. جىگدە دەرىخىنىڭ چېچىكى ئەزەلدىن ئالتۇنغا، يوپۇرمىقى كۈمۈشكە، غولى تۆمۈرگە ئوخشىتىلاتتى. خەيرىيەت، خاننىڭ يارلىقى بىلەن جىگدە دەرىخى بېيجىڭگە كۆچۈرۈلۈپ تىكىلگەن ئىكەن ⑨ .

بۇ ئۇيغۇرچە تارىخ كىتابىدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى: 1) ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمى يېزىپ قالدۇرۇلمىغان، شۇڭا مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورىمۇ ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى بىلەلمىگەن؛ 2) ئىپارخان بېيجىڭگە بارغاندا ئاران 15 ياشلاردا ئىكەن؛ 3) چىيەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن جىگدە ئالۋىنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش تەشنالىقىنى قاندۇرغان.

جىگدە دەرىخىنى ئالۋان سالغانلىق تارىختا ھەقىقەتەن ئۆتۈلگەن ئىش بولۇپ، چىيەنلۇڭـ

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىڭ 30 - يىلى ( 1765 - يىلى ) يۈز بەرگەن ، شۇنداقلا بۇ ۋەقە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىغا سەۋەپ بولغان. شۇ يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلىدە، ئۇچتۇرپاندىن 240 كىشى شۇ جايدا تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە ئامبىلى بىلەن ھاكىم بەگنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ئالدى بىلەن ياغاچ تۇڭغا كۆچۈرۈلگەن جىگدە كۆچىتىنى توشۇماقچى بولغان، ئۇلار ئاپىرىدىغان جاينى بىلمىگەنلىكتىن يوليورۇق سورىغىلى بارسا، ئەكسىچە تىل - ھاقارەت، تاياق - توقماققا ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدار - بەگلەرنىڭ ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكى دەھشەتلىك زۇلمى تۈپەيلىدىن، قوزغىلاڭ كۆتىرىلىپ، قوزغىلاڭ يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان⑩.

جىگدە دەرىخىنى ئالۋان سېلىش ۋەقەسى توغرىسىدا كۆپ گۇمانلار كېلىپ چىققان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە جىگدە بار، لېكىن ئەمەلدار - بەگلەر قوي بىلەن ئاشلىقلا ئالۋان سالغان بولۇپ، جىگدە ئالۋىنى سېلىنغانلىقىنى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. جىگدە دەرىخى زادى كىمگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ جىگدە ئالۋىنى سېلىنغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئەمەلدار - بەگلەر جىگدە كۆچىتى ئەۋەتىدىغان جاينى ئوچۇق ئېيتمايدۇ. يەنە نېمە ئۈچۈن باشقا ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش ھەر يىلى ئالۋان سالماستىن، مۇشۇ بىر قېتىملا ئالۋان سالىدۇ؟ قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندىن كېيىن ، چيەنلۇڭ خان ئادەمنى كۆپ ئەۋەتىپتۇ دەپ كايىغان، ئۇ، جىگدە كۆچىتىنى توشۇش ئۈچۈن 240 ئادەم كەتمەيدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن ، چيەنلۇڭ خان ئۇچتۇرپان خەلقىنى ھە دەپ قىرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن . نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدا ئۇ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ۋاقتىدىكى ئېغىر بېسىقلىق پوزىتسىيە تۇتۇشتىن بىراقلا ئۆزگىرىپ، بىگۇناھ خەلققە شۇنچە غەزەپلىنىدۇ؟ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لياڭ پادىشالىقى زامانىسى ( 502 — 507 ) دا ئۆتكەن ئەدىب ۋاڭ زېڭرۇ « ئارزۇلۇق خانىشقا مەدھىيە » دېگەن شېئىرىدا: « بىر قىيانە باقىشىدىن مەپتۇن بولۇر پۈتكۈل شەھەر، ساھىبانە بىر كۈلكىسى قەدرى مىڭ ئالتۇن - گۆھەر » دەپ يازغان. چيەنلۇڭ خان بولسا، ئىپارخاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن شۇنچە يىراق جايدىن دەرەخ ئەكەلدۈرمەكچى بولغان، لېكىن دەرەخنى ئەكەلدۈرەلمەي بىگۇناھ خەلقنى قىرغان. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئىش ئەمەس.

رۇڭفېي ( ئىپارخان ) نىڭ 28 يىللىق ھاياتى مەنچىڭ ئوردىسىدا ئۆتكەن. « بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇراسىم خاتىرىلىرى » دە: چيەنلۇڭنىڭ « 53 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ( 1788 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ) رۇڭفېي ئالەمدىن

ئۆتتى »[11] دەپ يېزىلغان. شۇ يىلى « ئىپارخاننىڭ جەسىتى سېلىنغان ئالتۇن سانـدۇق چۇنخۇي خانىشلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان، ئۇنىڭ ئەرۋاھ تاختىسى شۇفېي خانىشنىڭ ئەرۋاھ تاختىسىدىن تۆۋەن قويۇلغان. »[12] جياچىڭنىڭ 4 - يىلى ( 1799 - يىلى ) چيەنلۇڭ خان ئۆلگەندە، ئۇنى يۈيلىڭگە دەپنە قىلغان. چۇنخۇي خانىشلار قەبرىستانلىقى يۈيلىڭنىڭ يېنىدا بولۇپ، رۇڭفېينىڭ جەسەت ساندۇقىمۇ مۇشۇ جايغا قويۇلغان. مەنچىڭ پادىشا جەمەتلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى ئۈچ جايغا سېلىنغان بولۇپ، تارىختا شىمالىي قەبرىستانلىق، شەرقىي قەبرىستانلىق، غەربىي قەبرىستانلىق دەپ ئاتالغان. يۈيلىڭ شەرقىي قەبرىستانلىق دائىرىسىدە بولۇپ، هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زۇنخۇا ناهىيىسىدە.

## 2. « ئىپارخان » ھەققىدىكى راۋايەتلەر

« ئىپارخان » دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قاچان ئوتتۇرىغا چىققانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بىراق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بەزى شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە « ئىپارخان » توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل راۋايەتلەر يېزىلغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىغا تايىنىپ، جىگدە چېچىكى كۆرەتتىم دەپ غەلۋە قىلغان. ئوردىدا ئاجايىپ گۈللەر ۋە غارايىپ گىيالار، ئاجايىپ قىممەتلىك خۇش پۇراق گۈللەر بولسىمۇ، لېكىن جىگدە دەرىخى بولمىغانلىقتىن، خانمۇ 10 مىڭ چاقىرىم يەردىن جىگدە دەرىخى ئەكەلدۈرۈش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. « ئىپار » دېگەن بۇ سۆز بەلكى بۇ خانىش كۆرىمەن دەپ غەلۋە قىلغان جىگدە چېچىكىنىڭ ئالاھىدە خۇش پۇرىقى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

كېيىنكى چاغلاردا ئوردا ئىچىدىكى بۇ سۆزلەر ئاستا - ئاستا سىرتقا تارقىلىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر خەۋەر تاپقان. يېقىنقى بىر قانچە 10 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا دېيىلىپ كەلگەن « ئىپارخان » دېگەن بۇ نامنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىشقەدەم بىر ئۇيغۇر ئالىم خەنزۇچە « شياڭفېي » ( 香妃 ) دېگەن سۆزدىن تەرجىمە قىلغانمىش. « ئىپار » دېگەن بۇ سۆز ئىسىم بولۇپ، سۈپەت ئەمەس، « خان » دېگەن سۆز كۆپىنچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان قوشۇمچىدىن ئىبارەت.

« ئىپارخان » دېگەن بۇ نام، پادىشالىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغان شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مەشھۇر بولغان. شۇ چاغلاردا نەشر قىلىنغان « مەنچىڭنىڭ غەيرى رەسمىي تارىخى »، « مەنچىڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلار خاتىرىسى »، « مەنچىڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلار خاتىرىسىدىن كۆچۈرمىلەر »، « قەدىمقى ۋە هازىرقى ئوردىلارنىڭ مەخپى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خەۋەرلىرى»، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى»، «خانىشلار تەزكىرىسى» ۋە «فەن تيەنلۇ مەجمۇئەسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت غەيرىي رەسمىي تارىخ كىتابلىرى ۋە خاتىرىلەردە ئىپارخان ئاجايىپ-غارايىپ شەخس قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەسۋىرلەر بارغانسېرى غەلىتىلىشىپ كەتكەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان مۇنداق ئىككى خىل تەسۋىر شەكىللەنگەن: بىر خىل ئېيتىلىشتا، ئىپارخان ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ قۇربان بولغان ئايال، ئۇ، ئەسلى خوجا جاھاننىڭ خانىشى دېيىلىدۇ؛ بەزىلەر: ئىپارخان ئەسلى بۇرھانىدىننىڭ قىزى بولۇپ، «تۇغۇلغان چاغدىلا ئۇنىڭ بەدىنىدە خۇش پۇراق بولغان ئىكەن» دېيىشىدۇ. بۇرھانىدىن ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئىسيانى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئىپارخان ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭگە ئەۋەتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردىغا كىرىپ خانىش بولۇپ قالغان؛ ئۇنىڭ ئائىلە، يەر-زېمىنلىرى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكتىن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش خىيالىدا بولغان، ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، «ئۇنىڭ يەڭ ئىچىدىن ئونلاپ خەنجەر چىققان...»، ئۇ، ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلاپ خانغا بوي بەرمىگەن، دەيدۇ. يەنە بىر خىل ئېيتىلىشتا، ئىپارخان ئەتىۋارلىق خانىش بولۇپ، «3000 خانىشنىڭ تاجىسى ئىكەن»، شۇڭا باشقا خانىشلار ئۇنى كۆرەلمەي، پادىشانىڭ ئانىسىغا چېقىشتۇرغان، پادىشانىڭ ئانىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يارلىق چۈشۈرۈپ ئىپارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، چيەنلۇڭ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ئىپارخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ، كۆزى كاردىن چىققان، دېيىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق خانىش ئىكەنلىكى راست بولغاننىڭ سىرتىدا، قالغانلىرى يازغۇچىنىڭ خىيالى بويىچە توقۇپ چىقىلغان بولۇپ، قىلچە تارىخىي پاكىتى يوق. قېنى ئېيتايلى، ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا ئۇنىڭ بەدىنىدە قانداقمۇ بىر خىل ئاجايىپ خۇش پۇراق بولسۇن؟ ئەسىرگە چۈشكەن بىر قىز ئونلىغان خەنجەرنى قوينىغا تىقىپ ئىنتايىن قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن خان ئوردىسىغا قانداقمۇ كىرەلىسۇن؟ ئىپارخان خوجا جاھاننىڭ بىر جەمەت ھەمشىرىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئۇنىڭ خانىشى بولۇپ قالسۇن؟ چيەنلۇڭنىڭ ئانىسى بولغان خان ئانىغا كەلسەك، ئۇ، يۇڭجېڭ پادىشانىڭ ۋاپادار خوتۇنى بولۇپ، 86 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 42-يىلى (1777-يىلى) ئۆلگەن. دېمەك، ئىپارخاندىن 11 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن. روشەنكى، خان ئانا ئىپارخاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان دېگەن سۆزنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. ھەتتا خان ئانىنىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشىمۇ مۇمكىن

ئەمەس، چۈنكى چيەنلۇڭ خاننىڭ 2 - خوتۇنى بولغان ئۇلارنارا 1766 - يىلى ئۆلگەن-
دىن كېيىن (خانىشنى دەپنە قىلىش قائىدىسى بويىچە دەپنە قىلىنمىغان)، «قايتىدىن
خانىشكە تىكلەنمىگەن» دې. تا 1795 - يىلى جياچىڭ ۋەلىئەھد قىلىپ تىكلەنگەندە،
ئاندىن ئۇنىڭ 20 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى شاھبانۇغا «ۋاپادار خانىشكە»
دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن .

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، شۇنچىۋالا كۆپ غەيرى رەسمىي تارىخ،
خاتىرە، كۆچۈرمە، رومانلاردا نۇرغۇن ھېكايىلار توقۇلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى شىنجاڭغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان
دېگۈچىلەر بولمىغان .

## 3. خوجىلار قەبرىگاھى قانداقچە «ئىپارخاننىڭ قەبرىسى» بولۇپ قالدى

ئوردا كىتابلىرىدا، ئىپارخان يۈيلىڭدىكى خانىشلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە
قىلىنغان، دېيىلگەن. غەيرى رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدىمۇ ئىپارخاننىڭ جەسىتى
شىنجاڭغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان دېيىلمىگەن، شۇنداق ئىكەن، قەشقەردىكى «ئىپار-
خان قەبرىسى» قەيەردىن كېلىپ قالدى؟

ئىپارخان قەبرىسى دېيىلگەن جاي ئەسلى خوجىلار قەبرىگاھى.

XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، قەشقەردە ئىسلام دىنىدىكى ئاق تاغلىقلار-
نىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتىسى مەخمۇت يۈسۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
جەسىتى قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر جايغا دەپنە قىلىنغان، ئاپپاق خوجا
ئۆلگەندىن كېيىن ئۇمۇ شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ جەددى - جەمەتىنىڭ
تولىسى مۇشۇ جايغا قويۇلغان بولۇپ، دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئۇنىڭغا
قاراشلىق ۋەخپە ئۆي، يەر - زېمىنلەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. يەرلىك خەلق بۇنى
«ھەزرەت مازار» دەپ ئاتىشىدۇ، بەزىلەر «ئاپپاق خوجام مازىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.
بۇ ئىككى خىل ئاتاش تا ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

مەنچىڭ قوشۇنلىرى بۇرھانىدىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىت-
قاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى
توغرىلىق چيەنلۇڭ خاندىن يوليورۇق سورىغان، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (1760 -
يىلى) چۈشۈرۈلگەن يارلىقتا: «توپىلاڭچى خوجا جاھانلارنىڭ ...... ئاتا - بوۋىسى
يۇرت سوراپ كەلگەن، ئۇلار گۇناھسىز، ھازىر ئۇيغۇرلار يۇرتى (شىنجاڭنىڭ جەنۇ-
بىي قىسمى) پۈتۈنلەي تىنچىدى ، ئۇلارغا دۆلەتنىڭ خەير خاھلىقىنى تونۇتۇش
ئۈچۈن، قەشقەردىكى بۇرۇنقى خوجاملارنىڭ بارلىق كونا قەبرىلىرىگە قاراشقا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئادەم قويۇلسۇن، دەل - دەرەخلىرىنى كېسىشكە، بەزەپ قىلىشقا يول قويۇلمىسۇن،
بۇزۇلغانلىرى قائىدە - نىزام بويىچە رېمونت قىلىنسۇن، ئىگىدارچىلىق قىلىشقا
ئەمەلدار قويۇش كېرەك» ⑯ دېيىلگەن. بۇ، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەشقەر-
دىكى خوجىلار قەبرىگاھىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر بولۇپ، بۇنىڭدا رەسمىي
ئىسىم يېزىلماي، «كونا خوجاملار قەبرىگاھى» دەپلا ئاتالغان.

بۇ قەبرىگاھنىڭ قايسى ۋاقىتتا «خوجىلار قەبرىگاھى» دەپ قىسقارتىپ
ئاتالغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بىراق، چيەنلۇڭنىڭ 59 - يىلى (1794 - يىلى)
يېزىلغان «قەشقەر يېڭى شەھەر» دېگەن كىتابتا «خوجىلار قەبرىگاھى» دېگەن
سۆز ئىشلىتىلگەن. بۇ كىتابتا: قەشقەر كونا شەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) نىڭ
«شەرقىي شىمالىدىكى 10 چاقىرىمچە كېلىدىغان جايدا خوجىلار قەبرىگاھى
بار، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ئالاھىدە تاۋاپ قىلىدۇ، تاۋاپ قىلىشقا بارغان ئەر - ئاياللار
ئاخۇنلارغا پۇل - ئاشلىق سەدىقە قىلىدۇ، ئاخۇنلار قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ناماز
ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىدۇ؛ دەرۋازا ئالدىغا بىر كۆل قېزىلغان،
ئىبادەت قىلغۇچىلار كۆلگە سۇ قۇشلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. سىرتتىن كەلگەن كىشى-
لەر بۇ قۇشلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» ⑰ دېيىلگەن. ئۇ يەردىكى كۆلنىڭ
«شەرۋەت كۆلى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان. قالغان
بايانلار ئەمىلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان
كىتابلاردا، مەسىلەن، شۇسۇڭنىڭ «غەربىي رايوندىكى ئېقىن - دەريالار» خې نىڭ-
نىڭ «ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «خوجىلار
قەبرىگاھى» دېگەن بۇ ئىسىم ئىشلىتىلگەن.

تۇڭجۇ خاننىڭ 3 - يىلى (1864 - يىلى)، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا
دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان بولۇپ، فېئوداللار شەھەرلەرنى بۆلۈشۈۋېلىپ
ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ياقۇپبەگ قوقەندتىكى باندىتلارنى
باشلاپ شىنجاڭ رايونىغا بېسىپ كىرگەن. مانا شۇندىن باشلاپ، شىنجاڭدا 10 نەچ-
چە يىل بۆلۈنۈش ۋە توپىلاڭ يۈز بەرگەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە،
خوجىلار قەبرىگاھى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە ئۆزگىرىش پەيدا بولغان.

گۇاڭشۈي خاننىڭ 18 - يىلى (1892 - يىلى) شياۋشۇڭ يازغان «تىڭگيۈەن.
غەربىي شىنجاڭ نەزمىسى» دېگەن كىتابنىڭ 2 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قەشقەر
«شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەش چاقىرىمچە كېلىدىغان جايدا بىر قەبرىستانلىق بولۇپ،
ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قەبرىستانلىق بۇرھاندىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مازىرى
ئىكەن، بۇ مازاردا پەقەت بىرلا قۇرۇق شىپاڭ بار ئىكەن، شىپاڭنىڭ ئۈستى يۇم-

لاق ھەم ئۇچلۇق ياسالغان ئىكەن» دېيىلگەن. مانا بۇ يەردە ئاشۇ خوجىلار قەبرىگاھىنى دېمەكچى بولغانلىقى ئېنىق. شۇ كىتابنىڭ 4 - جىلدىدا يەنە: «قەشقەر كونىشەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە بەش چاقىرىمچە كېلىدىغان يەردە ئەپارخاننىڭ قەبرىگاھى بار، ئۇنىڭ شەكلى تۆت چاسا بولۇپ، ئۈستى يېشىل سىرلىق كاھىش بىلەن يېپىلغان، ئوتتۇرىسى بوش، ئۈستى يۇمىلاق گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان، ئىچىدە يالغۇزلا بىر قەبرە بولۇپ، سۈرەت يوق. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى ياپيېشىل دەرەخلىق، سۇ باشلايدىغان كۆلى بار» دېيىلگەن. روشەنكى، ئاپتور بۇ يەردە خاتالاشقان. بۇ، ئىككى قەبرە بولماستىن، بىر قەبرە؛ بۇ قەبرە شەھەرنىڭ شەرقىدە ئەمەس، بەلكى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىدا؛ شەھەرگە بەش چاقىرىم ئەمەس، بەلكى 10 چاقىرىم كېلىدۇ.

شياۋ شۇڭنىڭ تەخەللۇسى «تىڭيۈەن ئىستىقامەتچىسى» بولۇپ، ئۇ مەنچىڭ قوشۇنىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى. تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن گۇاڭشۈي خاننىڭ 3 - يىلى (1877 - يىلى) قەشقەرگە بارغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز يۇرتى خۇنەنگە قايتىپ كەتكەن. گۇاڭشۈي خاننىڭ 18 - يىلى (1892 - يىلى) مۇساپىر بولۇپ چاڭشادا تۇرغان. ئۇ سارايدا يېتىپ ئىچى پۇشۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، جەمئىي 40 نەچچە پارچە شېئىر يېزىپ چىققان. بۇنى 4 جىلد قىلىپ تۈزگەن. ئۇ ئەسلەش داۋامىدا بۇرۇنقى كۆرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆز خىيالى بويىچىلا قەشقەردىكى خوجىلار قەبرىگاھىنى «ئىپارخان قەبرىسى» دەپ يېزىپ قويغان. دېمەك، بۇ سۆز ئەڭ ئاۋال شياۋ شۇڭنىڭ ئاغزىدىن چىققان، بۇنىڭ شېئىرلىرى «لىڭجيەن راۋىقى مەجمۇئەسى» گە كىرگۈزۈلگەن. مىنگو يىللىرىدا يەنە «گۇەنجۇڭ مەجمۇئەسى» ۋە «مەجمۇئەلەر توپلىمىنىڭ دەسلەپكى قىسمى» غا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا - بارا كەڭ تارىلىپ كەتكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىلار قەبرىگاھىنى «ئىپارخان قەبرىسى» دەيدىغان ئەھۋال بارغانسېرى ئومۇملىشىپ كەتكەن. 1920 - يىلى شياپىن يازغان «شىنجاڭغا ساياھەت» دېگەن كىتابتا خوجىلار قەبرىگاھى تىلغىمۇ ئېلىنمىغان. ئۇ توغرىدىن توغرا «ئىپارخان قەبرىگاھى» ياكى «ئىپارخان قەبرىسى» دەپ ئاتىغان، ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ئىپارخاننىڭ قەبرىسى (قەشقەرنىڭ) شەرقىي شىمالىدا بولۇپ، ئۈستى يۇمىلاق، ئاستى چاسا شەكلىدە، تاملىرىنىڭ ھەممىسى يېشىل رەڭلىك گۈللۈك كاھىش بىلەن ياسالغان ........ كەڭ ھەم ھەيۋەتلىكلىكىدە قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ قەبرىسىدىن بىر قانچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قانچە 10 قەبرىلەر رەت بويىچە ئايلاندۇرۇپ تىزىلغان. بىز مازارغا قارايدىغان شەيختىن ئىپارخاننىڭ قەبرىسى قايسى دەپ سورىساق، ئۇ جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇ پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قەبرىلەرنى كۆرسىتىپ: چوڭلىرى ئەرلەرنىڭ قەبرىسى، كىچىكلىرى ئاياللارنىڭ قەبرىسى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەتلىرىنىڭ قەبرىلىرى، دېگەننىلا ئېيتالىدى.» دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپتور شىيابىن بۇ قەبرىنى «ئىپارخاننىڭ قەبرىسى» دەپ قارىغان. ئەمما شەيخ پەقەت بۇ قەبرىلەرنىڭ «ھەممىسى ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، جەددى - جەمەتلىرىنىڭ قەبرىسى» دېگەن سۆزنىلا ئېيتىپ، ئىپارخاننىڭ قەبرىسى قەيەردە؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن. 1945 - يىلغا كەلگەندە، شۇلىنفېڭ يازغان «شىنجاڭنىڭ ئىچكى سىرى» دېگەن كىتابتا «ئىپارخان قەبرىسىنىڭ شەيخى ئۇنىڭ تەرەپتىكى بۇلۇڭدىكى كىچىك قەبرە ئىپارخاننىڭ قەبرىسى دەيدۇ، لېكىن يەنە ئوتتۇرىدىكى چوڭراق قەبرە ئىپارخاننىڭ قەبرىسى دېگۇچىلەرمۇ بار» دەپ يېزىلغان. دېمەك، ئازاتلىققا يېقىن قالغاندىمۇ، شەيخ يەنىلا ئىپارخاننىڭ جەسىتى ھەقىقەتەن مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن، دېگەن قاراشتا بولغان.

شۇنداق قىلىپ قەشقەردىكى خوجىلار قەبرىگاھى «ئىپارخان قەبرىسى» بولۇپ قالغان. بەزى كىشىلەر بۇنىڭدىن گۇمانلانسىمۇ، لېكىن قەبرىگاھدا قويۇپ قويۇلغان مەپە شەكلىدىكى كونا تەختىراۋاننى كۆرۈپلا، جىم بولۇپ قېلىشقان.

## 4. قەشقەرغە ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان زادى كىم؟

چاتاق مانا مۇشۇ تەختىراۋان ئۈستىدە. بۇ تەختىراۋان ئادەتتىكى «جو» غا ئوخشىمايدۇ. بۇ خېچىر بىلەن جەسەت ساندۇقىنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، «تاۋۇت مەپىسى» مۇ دېيىلىدۇ. «تېگۈوەن. غەربىي شىنجاڭ نەزمىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى شياۋ شۇڭ خوجىلار قەبرىگاھى ئىچىگە قويۇلغان تەختىراۋاننى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئەسلى خاتىرىسىدىكى سەۋەنلىكتىنمۇ قانداق، ئۇ: ئىپارخان ھايات ۋاقتىدا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن شىنجاڭغا بارغاندا، شۇ تەختىراۋانغا چۈشكەن، دەپ قارىغان، بۇ شەكسىز خاتا. تېخىمۇ ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ تەختىراۋاننى ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇرتىغا ئاپىرىشتا ئىشلەتكەن، دەپ قارىشىدۇ. بۇ تەختىراۋان سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان خىلمۇ خىل قىياسلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

مەسىلە تەختىراۋاننىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى شۇ چاغدا شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن كىمنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىدە. بۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مەسىلە، شيەنفېڭ خاننىڭ 7 - يىلى (1857 - يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيا قوقەند بەگلىكىدە قېچىپ يۈرگەن بۇرھانىددىننىڭ چەۋرىسى ۋەلىخان قوقەند بەگلىكىدە يۈرگەن قاچاقلارنى باشلاپ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. بۇ چاغدا دۆلەتىمىزگە قارىتا

غالچىرلىق بىلەن تاجاۋۇزقىلىش قارانىيىتىدە بولۇپ كەلگەن چار روسىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پاروتچىك ۋەلىخانوفنى سودىگەرچە ياساندۇرۇپ قەشقەرغە يوشۇرۇن كىرگۈزگەن. 1858 - يىلى ئۇ قەشقەرغە يېتىپ كەلگەندە، بۇرھانىدىننىڭ چەۋرىسى ۋەلىخان ئاللىقاچان شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇن ۋە خەلق تەرەپىدىن زەربە بېرىلىپ چېكىندۈرۈلگەن. ۋەلىخانوف جەنۇبىي شىنجاڭدا سىياسى، ئىقتىسادىي ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئاخباراتلىرىمىزنى كەڭ توپلاپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، 1859 - يىلى «ئالتە شەھەرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان، بۇ كىتابتا يېزىلغان بىر ئىش بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىۋاتقان مەسىلىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ۋەلىخانوف مۇنداق دەپ يازغان: «قەشقەرلىقلەر: بېيجىڭدا خوجا جەمەتىدىن بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغاندا تىرىك ئەسىرگە چۈشكەن تۆردى خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بار، دېيىشىدۇ. تۆردى خوجىغا «گۆۋك» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن، 1886 - يىلى ئۇنىڭ بىر نەۋرىسىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاپپاق خوجا جەمەتىنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلغان. بۇ جەسەتنى يۆتكەپ كەلگۈچى (نايىپ) تۈركچە سۆز بىلمەيدىكەن، ئۇ، جۇڭگوچە كىيىم كەيگەن ئىكەن»[1]. بۇ، 1886 - يىلدىكى ۋەقە بولۇپ، بۇ ئىش 1859 - يىلى خاتىرىگە ئېلىنغان. دېمەك، ۋاقىت جەھەتتە خاتا بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، شىيەنفېڭ خاننىڭ 6 - يىلى بېيجىڭدىكى خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆلۈكىنى قەشقەرگە ئاپىرىپ دەپنە قىلغان. لېكىن ئۇ زادى كىم؟ بۇ ھەقتە ئوچۇق بىر نەرسە يېزىلمىغان. ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلگىنى بۇرھانىدىننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇخالىق، گۆكلۈك ئۇنۋان بېرىلگىنى بولسا تۆردى. بۇ يەردە ۋەلىخانوف بۇ ئىككى ئادەمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، «ئۇنىڭ بىر نەۋرىسى» نىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

بۇ مەسىلىنى بىر ئاز ئېنىقلاش ئۈچۈن، تارىخىي پاكىتلارنى ئىزھار قىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

ئابدۇخالىق تىرىك ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن، يېشى كىچىك بولغاچقا ئۆلتۈرۈلمەي بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە قۇل قىلىپ بېرىلگەن. ئۇ داۋگۇاڭ خاننىڭ 3 - يىلى (1823 - يىلى) قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ موڭغۇل ئاق تۇغ قوشۇنىغا كىرگۈزۈلگەن. تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، جاھانگىر خوجا قوقەندلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. داۋگۇاڭخان ئەمىر چۈشۈرۈپ، جاھانگىر خوجىنىڭ تاغىسى ئابدۇخالىق ۋە ئۇنىڭ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوغلى، بىر نەۋرىسى، كىچىك خوتۇنى، كېلىنى، قىز نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەنۇپ تەرەپتىكى ئۆلكىلەرگە پالىۋەتكەن⑳. داۋگۇاڭ خاننىڭ 12 - يىلى (1832 - يىلى)، جاھانگىر خوجا ئاللىقاچان قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن ھەم تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ۋەقە بىلەن چېتىشلىقى بولمىغانلىقتىن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئائىلىدىكى ھەممە كىشىلەرنى بېيجىڭغا يۆتكەپ كېلىپ يەنە موڭغۇل ئاق تۇغ تەۋەلىكىگە كىرگۈزگەن. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى باباق بىلەن جەنۇپتا ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى بېيجىڭغا يۆتكەپ ئەكېلىشكە ئىجازەت قىلىنغان. ㉑ ئۇلارنىڭ گۆكلۇق ئۇنۋانى بولمىغانلىقى ھەم مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇلارنى ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ بېرىپ دەپنە قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمىگەن. بېيجىڭغا كۆچۈپ بارغانلاردىن ھۇسەيىن بىلەن تۇردىغا ۋە تۇردىنىڭ جىيەنىگە ئوتتۇرانچى گۆكلۇق ئۇنۋان بېرىلگەن. تۇردى چيەنلۇڭ خاننىڭ 44 - يىلى (1779 - يىلى) ئۆلگەن، ئۇنىڭ بالىسى بولمىغان. بالىسى بولمىغان تۇردىنىڭ جەسىتىنى يۆتكەپ ئاپىرىدىغان نەۋرى - چەۋرىلىرى نېمىش قىلسۇن ؟

جەنۇبىي شىنجاڭدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە تۇردىنىڭ جەسىتىنى تۇردىنىڭ خوتۇنى يەنى ئىپارخاننىڭ خەنزۇ يەڭگىسى سۇدەيشياڭ يۆتكەپ كەلگەنمىش، بۇ يالغان سۆز - چۆچەك بولۇشى ئېھتىمال. چۈنكى يۈز يىلدىن بۇرۇنقى رىۋايەتلەردە «ئۇنىڭ بىر نەۋرىسى» دېيىلگەن. شۇ چاغدىكى خاتىرىلەر ئەلبەتتە راست بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇردى ئۆلۈپ ئارىدىن 77 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى يۆتكەپ دەپنە قىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىگە ئاز قالغان چاغدا ئالغان 15 ياشلىق قىز بولغان تەقدىردىمۇ، 1856 - يىلغا كەلگەندە بۇ خوتۇن 92 ياشقا كىرگەن موماي بولۇپ قالىدۇ. بۇ موماي شۇ چاغدا ھاياتمۇ - يوق؟ بۇمۇ بىر گەپ. ئەگەر ھايات بولغان تەقدىردىمۇ 10 مىڭ چاقىرىم سەپەرنى بېسىپ شىنجاڭغا قانداق بارالىسۇن؟ ئەگەر سۇدەيشياڭ دېگەن ئايال ھەقىقەتەن بار بولغان بولسا، جەزمەن ئىپارخاننىڭ خەنزۇ يەڭگىسى بولسا، ئۇنداقتا سۇدەيشياڭ باباقنىڭ خوتۇنى ياكى كىچىك خوتۇنى بولغان بولىدۇ. باباقنىڭ ئاتىسى پەرسا چيەنلۇڭ خاننىڭ 55 - يىلى (1790 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئاتىسى پەرسانىڭ 3 - دەرىجىلىك تەيجىلىك ئۇنۋانىغا بالىسى باباق ۋارىسلىق قىلغان. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ھۇسەيىننىڭ ئوغلى قاسىم خوجا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئۇنىڭ جېنگو گۆكلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ تاشلانغان. ئۇ، بۇ ئۇنۋانغا 1791 - يىلى ئوتتۇرانچى گۆكلۇقتىن ئۆسكەن. بۇ جېنگو گۆكلۇق ئۇنۋان

باباققا مىراس قالغان. جىياچىڭ خان (1796 — 1820 - يىللىرى) دەۋرىگە كەلگەندە، بېيجىڭدىكى بەش ئائىلىلىك خوجىلاردىن ئىككى ئائىلىنىڭ بالىسى يوق بولۇپ ئۇلار ئۆلۈپ تۈگىگەن. يالغۇز ئۈچ ئائىلىلىكلا قالغان ㉒ بۇ ئۈچ ئائىلىلىكلەر ئىچىدە باباقنىڭ ئۇنۋانى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سىڭلىسى مەرھۇم پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق خانىشى بولغانلىقتىن، ئۆزىگە خاس مەرتىۋىسى ۋە تەسىرى بار ئىدى. شۇڭا 1856 - يىلى كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان جەسەت باباقنىڭ ياكى ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ جەسىتى بولۇشى ئېھتىمال.

ئەلۋەتتە، بۇمۇ بىر قىياستىنلا ئىبارەت. يۆتكەپ كېلىنگىنى زادى كىمنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي ئاساس بولمىغانلىقتىن، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن رۇسچە خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ ئايال كىشىنىڭ جەسىتى بولماستىن، ئەر كىشىنىڭ جەسىتى بولۇشى كېرەك. دېمەك، بۇنىڭ ئىپارخاننىڭ جەسىتى ئەمەسلىكىدە شەك يوق.

شۇ چاغدىكى شارائىتتىن ئېيتقاندىمۇ، 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدىن بىر ئۆلۈكنى ئۆز يۇرتىغا يۆتكەپ ئاپىرىپ كۆمۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ چوڭ ئەمەلدار ۋە ئېسىلزادىلاردىن غەيرى كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. بېيجىڭغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان «سەككىز بەگ» ئادەتتىكى پۇقرا ئەمەس ئىدى. ھەر يىلى شىنجاڭدىن بېيجىڭغا بارغان ۋاڭ - گۇڭ، بەگلەر ئۇلار تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىناتتى. ئۇلارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق ئىزلەپ يۇرتىغا قايتقۇچىلارمۇ بولغان. مەسىلەن، ھوشىيىننىڭ قىز نەۋرىسى پەخرىنىسا قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ «شەھەرنىڭ سىرتىدىكى خوجىلار قەبرىگاھىنىڭ يېنى» دا ئولتۇراقلاشقان، كېيىن ئۇ جىياچىڭ خاننىڭ 19 - يىلى (1814 - يىلى) زىياۋۇدۇنغا كىچىك خوتۇنلۇققا نىكالانغان ㉓. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇ جەمەتلەر بېيجىڭغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىگەن. جەسەتنى يۇرتىغا يۆتكەش ئىشى بىرلا قېتىم بولغان ئىشمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن. بىراق 1856 - يىلدىكىدەك چوڭ ئۇقۇشماسلىق بولغان ئەمەس.

## 5. «ئىپارخاننىڭ سۈرىتى» توغرىسىدا

خوجىلار قەبرىگاھىنى «ئىپارخاننىڭ قەبرىسى» دەپ خاتا ئاتىغانغا ئوخشاش «ئىپارخاننىڭ سۈرىتى» راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە بولۇپ كەلدى.

ئىپارخاننىڭ بىرسىزما رەسىمى بولغان، بۇنىسى شەكسىز. چيەنلۇڭ خان ئىپارخان ئۆلۈپ 3 يىلدىن كېيىن، ئاخىرقى بىر قېتىم ئىپارخان ھايات ۋاقتىدا ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com

تولۇنئاي راۋىقىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدا: «كۆرۈپ ئۇنىڭ ھۆسنى - جامال سۈرىتىن، بولدۇم گويا كۆرگەندەك ئۇنىڭ ئەسلى قامىتىن» دېگەن. ھازىر تارقىلىپ يۈرگەن ئىپارخاننىڭ سۈرىتى ئەنە شۇ سىزما رەسىمنى تەقلىد قىلىپ قايتا ئىشلەنگەن سۈرەتمۇ - ئەمەسمۇ؟ گەپ ئەنە شۇ يەردە. ھازىرغىچە تارقىتىلىپ كەلگەن «ئىپارخاننىڭ سۈرىتى» دېيىلگەن سۈرەتلەردىن كىتابلاردا كۆرۈلگىنى ئۈچ پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى پارچىسى ماي بوياق رەسىمنىڭ كۆچۈرمىسى: بىرى ياۋروپاچە دوبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيگەن ھەربىيچە يېرىم بەدەنلىك رەسىم، يەنە بىرى غەربچە ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ، ئەجنەبىچە ياسانغان پۈتۈن رەسىم. بۇ ئىككى پارچە رەسىمنى كىمنىڭ سىزغانلىقى ۋە كىمنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكى يېزىلمىغان. جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بۇ رەسىمدىن گۇمانلىنىدۇ. ياپونىيىلىك شىتىيەن گەنزىجۇ: بۇ رەسىم ئىپارخاننىڭ رەسىمىمۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇنى تولۇق بىلگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنى چيەنلۇڭ خان ۋاقتىدا ئىچكى ئوردىدا خىزمەت قىلىدىغان چەتئەللىك رەسسام رومبىرانت دېگەن كىشى سىزغانمىش؛ ئەگەر راستلا رومبىرانت سىزغان بولسا بۇنىڭدا زور گۇمان بار» ㉔ دەپ قارايدۇ. مىڭ سېنمۇ ھەربىي كىيىم كىيگۈزۈپ سىزىلغان رەسىمدىكى ئىزھار قىلىنغان ئىشلار ئوردا كىتاب خاتىرىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئىشىنىشكە بولىدىغان يېرى ناھايىتى ئاز ㉕ دەپ قارىغان، فرانسىيىلىك فۇۋل پېللىيوت: ھەربىي كىيىم كىيگۈزۈپ سىزغان رەسىمنى ئىتالىيىلىك رەسسام رومبىرانت سىزغان، ئۇ تاماشا ئوردىدا سىزغان ㉖ دەيدۇ. تاماشا ئوردىدا سىزغان بولسا، ئۇ خالىغانچە سىزىلغان نەرسە بولۇپ ئۇنى ئىپارخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سۈرىتى دەپ مۇقىملاشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن. رومبىرانت 1766 - يىلى بېيجىڭدا ئۆلگەن، ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى «خاندانلىقنىڭ رەسىملەر توپلىمى» ۋە «شىجۇ باۋجى» دېگەن كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە شىنجاڭغا دائىر تېمىلاردا رەسىم سىزغان، لېكىن ئىپارخاننىڭ رەسىمىنى سىزغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق، مۇندىن باشقا، ھەربىيچە ۋە ئەجنەبىچە كىيىنگەن رەسىملەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى پارچە سىزما رەسىمنى ئىپارخاننىڭ سۈرىتى دەپ ئىشىنىش ھەققەتەن قىيىن.

يەنە بىر پارچىسى بىر ساياھەتچى تەرىپىدىن يۈيلىڭ قەۋرىستانلىقىدا تارتىلغان بولۇپ، مىڭ سېنغا يادىكار قىلىپ ئەۋەتىلگەن، بۇ سۈرەت «ئىپارخان توغرىسىدىكى دەلىللەر» دېگەن كىتابقا بېسىلغان، بۇنىڭ ئىپارخاننىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مىڭ سېنمۇ كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمىگەن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 3 خىل رەسىمنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ، مۇندىن باشقا، يەنە بىر ئۇيغۇر مويسىپىت كىشى بېيجىڭدا ئىپارخاننىڭ بىر پارچە ماي بوياق بىلەن سىزىلغان رەسىمنى كۆرگەن. بۇ رەسىمدىكى كىشىنىڭ چىرايى ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدۇ دېگەن، بۇ رەسىم چيەنلۇڭ خاننىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى رەسىممىكىن تاڭ؟ ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئېيتقىنى راست بولىدىغان بولسا، ئىپارخاننىڭ رەسىمى توغرىسىدىكى گۇمان چوقۇم ئايدىڭلىشىدۇ.

## خاتىمە

1. ئىپارخان بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغان باشقا بىر خوجا جەمەتىدىن بولۇپ، ئاتا - ئاكىلىرى بىللە بېيجىڭغا بېرىپ ئوردىغا كىرىپ خانىش بولغان.

2. ئىپارخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۈيلىڭدىكى خانىشلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. قەشقەردە ئىپارخاننىڭ قەبرىسى يوق.

3. قەشقەردىكى خوجىلار قەبرىگاھىنى «ئىپارخان قەبرىسى» دېيىش پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىققان. «خوجىلار قەبرىگاھى» دېگەن بۇرۇنقى ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

4. تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىگەن رەسىمنى «ئىپارخاننىڭ رەسىمى» دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنى ئاپپارات بىلەن قايتا تارتىپ قەشقەردىكى خوجىلار قەبرىگاھىغا قويۇشمۇ ئۇقۇشماسلىقتىن بولغان ئىش. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۇقۇشماسلىقنى تۈزىتىش كېرەك.

ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ نەسەب شەجەرىسى ھەققىدە تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قارالسۇن.

ئىزاھلار:

① «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلار»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى 1977 - يىل نەشرى، 8920 - بەت.

② «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرىدىكى ئەمەلىي ئىشلار خاتىرىسى»، 651 - جىلد، 18 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 820 - جىلد، 12 - بەت.

④ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلار»، 8897 - بەت.

⑤ قەشقەردىكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجىلار نەسەبى «غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىراتى»، «غەربىي رايون توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەر»، «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەسۋىراتى»، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلىي ئىشلار خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا كۆرۈلىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇلارنى توپلاپ جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقىپ، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ بېرىلدى.

⑥ خې نىڭ: «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى، 6 - جىلد.
⑦ ياڭ زېڭشىن «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر» C 3 - توپلام.
⑧ مىڭ سېن: «ئىپارخان ھەققىدە تەكشۈرۈش».
⑨ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخ ھەمىدىيە»، شىنجاڭ تارىخ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن شاپىگراپتا بېسىلغان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىنالىدىن نەقىل.
⑩ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرىدىكى ئەمىلىي ئىشلار خاتىرىسى» 730- جىلد؛ «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى» 12 - جىلد؛ «تارىخ ھەمىدىيە».
⑪ «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇراسىم ئىشلىرى» 495 - جىلد، 27 - بەت.
⑫ يۇقىرىقى كىتاب 432 - جىلد، 21 - 22 - بەتلەر.
⑬ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلار» 8915 - بەت.
⑭ يۇقىرىقى كىتاب 8917 - بەت.
⑮ يەنە شۇ كىتاب 8918 - بەت.
⑯ «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرىدىكى ئەمىلىي ئىشلار خاتىرىسى» 609- جىلد، 6 - بەت.
⑰ يۇڭباۋ، فەن جيەنجۇڭ: «قەشقەر ۋە يېڭىسار».
⑱ شياۋ شۇڭ: «تېگيۈەن. غەربىي شىنجاڭ نەزمىسى. مۇقەددىمە».
⑲ «ۋەلىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى»، ئالمۇتا رۇسچە نەشرى، 541 - بەت.
⑳ «چىڭ سۇلالىسى شۈەنزۇڭ خان دەۋرىدىكى ئەمىلىي ئىشلار خاتىرىسى» 120- جىلد، 29 - بەت.
㉑ يۇقىرىقى كىتاب 220 - جىلد، 17 - 18 - بەتلەر.
㉒ «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى» 6 - جىلد ۋە 12- جىلد.
㉓ «زىياۋۇدۇن ئەنزىسى توغرىسىدا مەلۇمات»، فىڭ جياشىڭ قاتارلىقلار يازغان: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 2- قىسىم، 148 - بەتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
㉔ شېتيەن گەنزىجو: «رومبېرانت تەرجىمىھالى ھەققىدە تەكشۈرۈش»، فۇباۋشى تەرجىمىسى، «دۆلەت خەۋەرلىرى ھەپتىلىك گېزىتى» 13 - توپلام، 32 -، 33 - سانلاردىن ئېلىندى.

㉕ مىڭ سىن: «ئىسپارخان ھەققىدە تەكشۈرۈش.»

㉖ پېللىيوت: «چيەنلۇڭخاننىڭ غەربىي رايونغا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشىنىڭ خەرىتىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى، «غەربىي رايون ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن تەرجىمىلەرنىڭ 6 - توپلىمى» 73 - بەت.

ئابدۇقادىر تەرجىمىسى
جياڭ گۇاڭيۈەن

# ئىپارخان ھەققىدە يېڭىدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار

شياۋجۇشېن

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز خەلقى ئارىسىدا «ئىپارخان» ھەققىدە راۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن ئىدى. كېيىنچە نۇرغۇن خاتىرىلەر، غەيرىي رەسمىي تارىخلار، شېئىر-قوشاقلار ئارقىلىق ھەدەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ھەتتا جىڭجۇي تىياتىرى سەھنىلىرىگە ئەپچىقىپ①، بېيجىڭ ئەتراپلىرىدا بۇ راۋايەتنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن، يەنە مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى جايلارغىمۇ تارقاتقان، ھەتتا چەتئەل لۇغەتلىرىمۇ مەخسۇس ماددىلارنى بەرگەن②، چەتئەل كىتابلىرىدىمۇ بۇ ھېكايە خاتىرىلەنگەن③.

يېقىندا، بىز ئىپارخاننىڭ يۇرتى بولغان شىنجاڭدىكى ئىپارخان ئائىلە-نەسەبلىرىنىڭ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، چىڭ سۇلالىسى ئارخىپلىرىدىن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم خەنزۇ، مانجۇ يېزىقلىرىدا پۈتۈلگەن مەلۇمات، ھۆججەتلەر ۋە ئوردا دەپتەرلىرىنى تاپتۇق (تۆۋەندە شۇ ھۆججەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرگە قارالسۇن). ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ تاپقانلىقىمىز ئۈچۈن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىر تۈركۈم كىتابلاردىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا دائىر بىر قىسىم خاتىرىلەرنى تاپالىدۇق. يېڭىدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار ئەينى ۋاقىتتا «ئىپارخان» دېگەن شەخسنىڭ ھەقىقەتەن بولغانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ ھاياتى — ئىش ئىزلىرى راۋايەتلەردىكى ئىپارخان ھېكايىلىرىنىڭ تامامەن دېگۈدەك ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## ئىپارخان ھەققىدىكى راۋايەتلەر

گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى (1892 - يىلى) نەشر قىلىنغان «غەربىي چېگرا رايون ھەققىدىكى ھەر خىل شېئىرلار» ئىچىدە «ئىپارخېنىم ئىبادەتخانىسى» دېگەن بىر شېئىر بار ئىدى. شېئىردا بايان قىلىنغان «ئىپارخېنىم» — كېيىنكى كۈنلەردە راۋايەت قىلىنغان ئىپارخان ئىدى. لېكىن ئۇ شېئىرنىڭ قوشۇمچە ئىزاھاتىدا ئاران «ئىپارخېنىم، چيەنلۇڭ يىللىرىدا ياشىغان قەشقەرلىق كىشى ئىدى»، «ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئىپار پۇراپ تۇراتتى»، «ئانىسىنى سېغىنغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ ئۆلگەن» دېگەن سۆزلەرلا بولۇپ، ئۇنىڭدا كېيىنكى راۋايەتلەردىكى خىلمۇخىل ۋەقەلىكلەر يوق ئىدى.

ئىپارخان ھەققىدىكى راۋايەتلەر ئەڭ بالدۇر «خوۇنەن دارايى راۋسقى ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 5 - جىلدى (1907 - يىلى نەشر قىلىنغان) دا يازما تەرىقىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ ھىكايىنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكلىرى ھازىرلانغان بولسىمۇ. لېكىن ئۇنىڭدا «ئىپارخان» دېگەن ئىسىم ئەمەس بەلكى «خۇيفېي 回妃» (خۇي — مۇسۇلمان دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇيغۇر دېگەننى بىلدۈرىدۇ، فېي — شاھبانۇ دېگەن بولىدۇ، يەنى «ئۇيغۇر شاھبانۇ» مەنىسىدە — ت) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاپ، ئۇنى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى توپلاڭ كاتتىۋېشىنىڭ قىزى دېگەن.

1914 - يىلى، ھازىرقى گۇگۇڭ (خان سارىيى) مۇزېيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا «ئاسارە - ئەتىقىلەرنى كۆرگەزمە قىلىش ئورنى» قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئورۇن «يىۋدېتاڭ» زالىدا رېخىي ۋاقىتلىق ئورۇندىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئىپارخاننىڭ سۈرىتى دەپ ئاتالغان بىر پارچە رەسىمنى كۆرگەزمە قىلغان ھەم «ۋەقەنىڭ قىسقىچە بايانى» نى قوشۇمچە قىلغان، ئۇنىڭدا ئىپارخاننىڭ ھاياتى ئائىلە - نەسەبلىرى چۈشەندۈرۈلگەن، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ ئىپارخاننى توپىلاڭ كۆتەرگەن «ئۇيغۇرلار ۋاڭىنىڭ شاھبانۇسى» دېگەن. دەل ئاشۇ «ۋەقەنىڭ قىسقىچە بايانى»، ئەينى زاماندا ئىپارخان ھېكايىسىنى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىش رولىنى ئوينىغان.

ئىپارخان ھەققىدىكى راۋايەتلەرنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلساق، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى مۇنداق: چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ زامانىسىدا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلار (بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھان ئاكا - ئۇكا ئىككىسى) نىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىزى ياكى خوتۇنى چيەنلۇڭ خانىنىڭ ھەرەم خانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ، ئۇنىڭ بەدىنى ئۆزگىچە بىر خىل تۇغما ئىپار پۇراق چاچىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «ئىپارشاھبانۇ» دەپ ئاتىلىپتۇ. بىراق ئۇ پاكلىقىنى ساقلاشقا قەسەم ئىچىپ، يېنىدا يوشۇرۇنچە ئۆتكۈر تىغ ساقلاپ، خاننى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن ئىكەن، ئاخىرى خانىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

مۇنداق تەسۋىرلەش، ئەمەلىيەتتە، ئىپارخاننى جاھىللىق بىلەن توپىلاڭچىلار كاتتىۋېشىغا سادىق بولغان بىر شەخس دەپ ھاقارەتلىگەنلىك بولىدۇ، بۇ، تارىختىكى ھەقىقى ئىپارخانغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

## ئىپارخان دەل رۇڭفېينىڭ ئۆزى

تارىختا ھەقىقەتەن «ئىپارخان» دېگەن بىرسى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا

خان تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان رەسمىي مەرتىۋە نامى «رۇڭفېي» ئىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدىلا، بېيجىڭ داشۆسىنىڭ پروفېسسورى مېڭ سېن «ئىپارخان ھەققىدە تەكشۈرۈش» دىگەن سەرلەۋھەدە بىر ئەسەر يازغان ④. بۇ ئەسەردە يەنىلا ئىپارخانىنى چوك - كىچىك خوجىلارنىڭ سىڭلىسى ياكى قىزى دىگەن ھەمدە چيەنلۇڭ خانىنىڭ «ئىبسىل ئاي راۋىقى» ھەققىدىكى شېئىرىنى قوشۇمچە قىلىپ بېرىپ، خانىنىڭ توپىلاڭچى ئۇنسۇرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا كۆيۈپ قېلىشتەك زىددىيەتلىك روھىي ھالىتىنى ساختا ھالدا توقۇپ چىققان، لېكىن شۇنىداقتىمۇ ئۇ يەنە ئىپارخان دەل رۇڭفېينىڭ ئۆزى دەپ توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق بىر مۇھىم ئىسپات ماتېرىيال تىلغا ئېلىنغان: بىراۋ «مىنگونىڭ 2 - 3 - يىللىرى ئارىلىقىدا دۆڭلىڭدىكى خانلارغا خاس قەۋرىستانلىققا چىقىپ، ھەر قايسى قەۋرە - يەرلىكلەرگە بېرىپ ھۆرمەت بىلەن زىيارەت قىلغان ئىكەن، بىر يەرگە كەلسە، قەۋرىستانلىقتىكى شەيخلار بىر قەۋرىنى ئىپارخانىنىڭ يەرلىكى دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ، تۇپراق بېشىدىكى بەلگىگە قارىغىدەك بولسا، ئۇنىڭدا «رۇڭفېينىڭ يەرلىكى» دەپ يېزىلغان ئىكەن. «مىنگونىڭ 2 - 3 - يىللىرى»دا چىڭ سۇلالىسى خانلىرى قەۋرىستانلىقىنى ساقلايدىغان شەيخلار يەنىلا شۇ بۇرۇنقى خان ئەۋلادى قەۋرىستانلىقىنىڭ شەيخلىرى ئىدى. ئۇلار ئىپارخان دەل رۇڭفېينىڭ ئۆزى شۇ دىگەن ئىكەن. دىمەك، بۇ ئەسلىدە ئوردا ئىچىدە شۇنداق ئاتالغان ئىسىم بولۇشى كېرەك.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلار. خانىشلار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە: گاۋزۇڭ (چيەنلۇڭ) خانىنىڭ شاھبانۇلىرى ئىچىدە «يەنە بىر رۇڭفېي بار، ئۇ خوجىلار جەمەتىدىن، ئۇيغۇر تەيجى خوجامنىڭ قىزىدۇر» ⑤ دىيىلگەن. راۋايەتلەردىمۇ ئىپارخانىنى ئۇيغۇر — خوجامنىڭ قىزى، چيەنلۇڭ خانىنىڭ شاھبانۇسى دەيدۇ. دىمەك، بۇ ئىككىسى ئەسلى بىر ئادەم بولۇشى كېرەك.

شىنجاڭ قەشقەر شەھرى ئەتراپىدىكى «ئاپپاق خوجا مازىرى» (ئىپارخان ئەجدادلىرىنىڭ مازىرى) ھەققىدىكى ماتېرىياللاردا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئىپارخانىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەمۇرە ئېزىم، ئۇ ئېلى خوجىنىڭ قىزىدۇر». ئىپارخانىنىڭ ئاكىسى «ھەسەن خوجا (خەنزۇچە ئىسمى تۇردى گۇڭ)»، «سىڭلىسى ئىپارخان بىللە بېيجىڭگە بارغان». مەزكۇر ماتېرىيالدا قەيت قىلىنغان ئىپارخانىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى «غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» نىڭ 11 - جىلدى ۋە «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ



www.uyghurkitap.com

48 - جىلدىدىكى «خوجا نەسەبلىرى» ئىچىدىن تاپقىلى بولىدۇ. يەنە شۇ كىتاپتا ئېلى خوجىنىڭ 5 - ئىنىسى ھۈسەيىن، 6 - ئىنىسى پەرسا ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئوغلى تۇردىغا «فۇگوگۇڭ» دېگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كىتابلاردا (خەنزۇچە) «تۇردى» ياكى «تۇدى» دەپ يازغان، بۇلار ئەسلى بىر ئادەم — ئىپارخاننىڭ ئاكىسى «تۇردى گۇڭ». ئۇ ئەسلى گۇڭجۇ (ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ بىرىنچىسى) بولغاچقا، خەنزۇلار ئۇنى «تۇردى گۇڭ» دەپ ئاتاشقان.

يېقىندا تېپىلغان ماتېرىياللار يۇقىرىدىكى تەھلىللىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. خان ساراي مۇزېيىدىن يولداش خۇيۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سايىنىڭ تېشىدەك كۆپ ئارخىپلىرى ئىچىدىن بىر نۇسخا «رۇڭفېيدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى» نى تاپقان. بۇ تارىخىي ماتېرىيال شۇنى روشەن ئىسپاتلايدۇكى، شىنجاڭ قەشقەر شەھىرىدە خاتىرىلەنگەن ئىپارخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى — دەل چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ شاھبانۇسى رۇڭفېينىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزى. مەزكۇر تىزىملىكنىڭ بېشىدىلا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (1788 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، داشۆشى (مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى زامانىسىدا خان سارايدىكى باش كاتىپقا تەڭ كېلىدىغان ئالىي بىلىم ئەھلى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دەرىجىسى ۋەزىرلەر بىلەن ئوخشاش — ت) خې - شېن يارلىق يەتكۈزىدۇكى: رۇڭفېيدىن قېپقالغان كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش يادىكارلىقلىرىنى ھەرەمدىكىلەرگە دەرىجىلىرىگە قاراپ بۆلۈپ بېرىلسۇن، يەنە مەلىكىلەرگە، خان قىزلارغا (گېگې) ۋە دەنچەنلەرگە، ساراي ئاقساقاللىرى، ھەرەم ئاغىسى، كېنىزەكلەرگە ئوخشاشلارغا ئىنئام قىلىپ بېرىلسۇن.» بۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان «دەنچەن» دىگەن سۆز ئەسلى مانجۇ تىلى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى» دېگەن بولىدۇ. شۇندىن كېيىن رۇڭفېينىڭ ئاتا - ئانا ئۆيى تەرەپ ۋەكىلى دەپ، «ھۈسەيىن گۇڭ» تىلغا ئېلىنغان، ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىپارخاننىڭ 5 - تاغىسى «ھۈسەيىن گۇڭجۇ» نىڭ ئۆزى. مەزكۇر تىزىملىكتە ئىپارخاننىڭ ئاتا - ئانىسى تەرەپنىڭ ئىسمىلىكى ئىچىدە يەنە «پەرسا» ۋە «تۇردىنىڭ خوتۇنى» قاتارلىق يىگىرمە ئادەم تىلغا ئېلىنغان. پەرسا — يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىپارخاننىڭ 6 - تاغىسى ئىدى. «تۇردىنىڭ خوتۇنى» ئىپارخاننىڭ يەڭگىسى ئىدى. ئىپارخان بىلەن رۇڭفېينىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئوخشاش بولغانلىقىغا قاراپمۇ ئىپارخان بىلەن رۇڭفېي ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم دەپ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئىپارخان «خوجا» لارنىڭ باشقا بىر سىستېمىسىغا تەۋە ئىدى

ئىپارخاننىڭ دەل رۇقىيې ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ئاتىسى، ئاكىلىرىنىڭ كىملىكى مەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، يازما مەنبەلەر ئارقىلىق ئىپارخان ئائىلىسىنىڭ نەسەبلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى.

ئىپارخان خوجىلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. «خوجا» — ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا ئوخشاش جايلاردىكى ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بولغان ھۆرمەت نامى بولۇپ، دىننى ئىختىرا قىلغۇچىنىڭ ئەۋلادى ۋە دىن ئىلمى ئەھلى دېگەندىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىگە ئىگە ئىدى. «تەۋە رايونلار ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار» نىڭ 16 - جىلدىدا، ئىپارخان ئائىلىسى ھەققىدە ئۇلار «خوجا» ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن: «يەركەنتلىك ئۇيغۇر ھۇسەيىن باردۇر، ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىبركى خوجا. ئۇنىڭ ئەجدادى پەيغەمبەرمىش، ئەجدادلىرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارغا ئاقساقال بولغان، يەركەنتتە تۇرۇپ، ئۆز مىللىتىگە باش بولغان. ئۇلارنى ئۆز مىللىتى تىلىدا خوجا دەيدۇ، موڭغۇللار بولسا ئومۇمەن تەيجى دەپ ئاتايدۇ.»

ئىپارخان ئائىلە نەسەبلىرىدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا «خوجا» دەپ ئاتالغاچقا، خەنزۇچە پۈتۈلگەن ئىپارخان ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى «和卓氏» (خوجا جەمەتى) دەپ يازغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلار» نىڭ 1 - 2 - 3 - نەشرىلىرىنىڭ «خانىشلار تەزكىرىسى» ۋە ئوردىدىكى ھۆججەتلەردىن بىۋاستە پايدىلىنىپ پۈتۈلگەن «چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتى شەجەرىسى IV — خانىشلار شەجەرىسى» دە ئىپارخاننى «تەيجى خوجامنىڭ قىزى» دېگەن. بۇ يەردە قەيت قىلىنغان تەيجى ئۇنۋانى ئەسلىدە ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇنۋانى ئىدى. بۇ، ۋارىسلىق قىلىنىدىغان (مىراس قالىدىغان) ئۇنۋان بولغاچقا، ئىپارخاننىڭ دادىسىنىمۇ تەيجى دەپ ئاتىغان. ئەينى زاماندىكى ئوردا ئەدىبلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە بىر-بىرىنى ئاتاش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، كىشىلەر ئېلى خوجىنى ھۆرمەتلەپ «خوجام» دەپ ئاتىسا، خاتا ھالدا ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ «خوجام» ئىكەن دەۋالغان.

«غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» ۋە «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» گە ئاساسەن، تۆۋەندە ئىپارخاننىڭ دادىسى، ئاكىسى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە نەسەب جەدۋىلىنى تونۇشتۇرىمىز.




جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىپارخان گەرچە چوڭ - كىچىك خوجىلار بىلەن بىر ئەجدادقا تەۋە بولسىمۇ، بىراق بۇۋىسى بىر ئەمەس يەنى باشقا بىر ئائىلە نەسەبىگە تەۋە ئىدى.

### ئىپارخاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ئاتلاشقان

راۋايەتلەردە گەرچە ئىپارخاننى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭچى گۇرۇھىغا تەۋە دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەكشۈرۈپ تېپىلغان مۇناسىۋەتلىك كىتابلارغا ئاساسلانغاندا، ئىپارخان ئائىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىغا قاتناشمايلا قالماستىن، بەلكى ئەسكەر باشلاپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقانلىقى مەلۇم.

«ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي قىسسىسى. تۇردى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: ئىپارخاننىڭ ئاكىسى تۇردى «ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولغان خوجا جاھاننىڭ توپىلىڭىغا ئەگەشمەستىن، ھۈسەيىن بىلەن بۇيرۇت (قىرغىز) لار تەۋەسىگە يوشۇرۇنچە كەتكەن. بۇيرۇتلار ئۇنى خوجا ئاتىغان. چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چوڭ قوشۇن خوجا جاھاننى جازالاش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىپ يەركەنتكە كەلگەنلىكىنى، خوجا جاھاننىڭ قارا سۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان. تۇردى بۇيرۇت ئەسكەرلىرىنى خۇپىيانە باشلاپ چىقىپ ھۈسەيىن بىللە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قاراقچىلارنىڭ كۈچىنى بۆلۈپ تاشلىغان.» تۇردى قاتارلىقلار ئېلىپ بارغان بۇ جەڭنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە، گۇگۇڭ (خانساراي) دا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساقلانغان، چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا توپىلاڭنى تىنجىتىش قوشۇنىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئامبىلى شۇخۇدېنىڭ خانغا سۇنغان مەلۇماتىدا تەپسىلىي ئىسپاتلارنى بېرىلگەن: «گېنېرال جاۋخۇي چوڭ قوشۇننى باشلاپ يەركەن رايونىغا يېتىپ كەلگەندە، قەشقەر بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ، چوڭ خوجا ئۈچ مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، ئىككى مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن يەركەنگە ياردەم بەرگىلى كېلىدۇ. كىچىك خوجا تۆت مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، ئالتە مىڭ پىيادە ئەسكەر چىقىرىپ، چوڭ خوجىغا ماسلىشىپ ئۇرۇشقىلى كېلىدۇ، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزنى ئوتتۇز نەچچە كۈن قورشاپ ئالىدۇ. قەشقەرگە تەۋە يېڭىسار شەھىرى بۇيرۇتلار تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى دەپ ئاڭلاپ، ئىككى خوجا ئالمان - تالمان ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ بۇيرۇتلاردىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ پىلانىنى مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇ كۈنى كېچىدە گېنېرال ئەسكەرلىرىنى باشلاپ خوجىلارنىڭ ئىستىھكاملىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىدۇ، 60 نەچچە چېدىر ئۆي غەنىيمەت ئالىدۇ، ساقلاپ ياتقان ئادەملىرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، قالغان ئادەملىرى تىرە - پىرەڭ بولۇپ قاچىدۇ. ئىككى خوجا ئاخىرى مۇنداق مەسلىھەتكە كېلىشىدۇ: ئەھۋالدىن قارىغاندا، گېنېرال بۇيرۇتلار بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن بولسا كېرەك، بىزنىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئېلىشىشىمىز ئەندى بەك تەس بوپ قالدى، گېنېرال بىلەن ئەپلەشكىنىمىز دۇرۇستەك تۇرىدۇ، شۇنداق قىلساق، ئازدىگەندىمۇ 3-4 يىل ئارام ئېلىۋالىمىز.» تۆردى قاتارلىقلار بۇيرۇتلارنى يېتەكلەپ ئۆزلۈكىدىن ئاكتىپ ھالدا توپىلاڭنى تىنجىتىش قوشۇنىغا ماسلىشىپ دۈشمەنگە زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، چوڭ - كىچىك خوجىلار ئارقا تەرىپىدىن زەربە يەپ، ھۇجۇم ياساش ئىقتىدارى ۋە جۈرئىتىنى يوقاتقان ئىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «چوڭ خوجا قەشقەرنىڭ جىددى ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئاڭلاپ، 200 ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان ئەسكەر چېرىكلىرى بىلەن ئاران قېچىپ، شۇڭا قورشاۋدا قالغان گېنېرال جاۋخۇينىڭ قوشۇنلىرىغا قايتۇرۇپ كەلگەن». شۇڭا تۆردى قاتارلىقلارنىڭ بۇ جېڭى جاۋخۇي بولغان بېسىم زور دەرىجىدە يېنىكلىگەن. تۆردى قاتارلىقلارنىڭ بۇ جەڭدە چوڭ قوشۇنىنىڭ قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلۇپ ئۇتۇشلۇققا ئېرىشىشى، ئاخىرىدا مۇھارىبىنى غەلىبىلىك بۆسۈپ چىقىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان. كېيىنچە، چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى)، تۆردى «قەشقەرنى قايتۇرۇپ ئېلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، فۇگوگۇڭلۇققا كۆتۈرۈلگەن» ⑦.

ئىككىنچى يىلى (1759 - يىلى) يازغا كەلگەندە، چيەنلۇڭ خاننىڭ توپىلاڭنى تىنجىتقۇچى چوڭ قوشۇنى چوڭ - كىچىك خوجىلارغا زەربە بېرىدۇ، ئىسپارخاننىڭ

تاغىسى خۇسېيىن جىيەنى ماۋتىنسى گېنېرال جاۋخۇي بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتىپ، «خۇسېيىننىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، ئارمىيىمىزنىڭ چاقىرىقنامىسىنى كۈتۈپ ياتقانلىقىنى ئېيتقان. جاۋخۇي خان يارلىقىنى يەتكۈزگەن، پۇل مۇكاپات بەرگەن. خۇسېيىن ئەسكەرلەرنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا، يولدا يۈزدىن ئارتۇق قاراقچىغا ئۇچراپ، ئۇلارغا زەربە بەرگەن. چوڭ تۇغنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئارمىيىمىزگە تەقدىم قىلغان، جاۋخۇي ئۇنىڭدىن ھال سورىغان ھەم خان يارلىقىنى يەتكۈزگەن» [9]. قەمەرىيە 9 - ئايدا «مەھرەم چېڭگو قەشقەرگە كەلگەندە، بۇيرۇتلارنىڭ بورا يېزىسىنى قورشىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سولۇن ئەسكەرلىرىدىن چېڭ ئەنباۋنى ئېركى خوجا خۇسېيىننىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە بېرىشقا ئەۋەتىپ، بۇيرۇتلارغا ئۇرۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلغان. بۇيرۇتلار ئەسكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كەتكەن» [10]. ئىپارخاننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىشنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، «جاۋخۇي خۇسېيىن قاتارلىقلارنى خاننىڭ ھوزۇرىغا سالامغا ئەۋەتكەن» [11]. ئۇلار قەمەرىيە 9 - ئايدا بېيجىڭگە يېتىپ بارغان. 10 - ئايدا، «خۇسېيىنگە گۇڭجۇ (فۇگوگۇڭ) ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان، ماۋتقا ياساق ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى بېرىلگەن» . ئىپارخاننىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى تۇردى 9 - ئايلاردا شىنجاڭدىن يولغا چىقىپ، 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن بۇرۇن بېيجىڭغا يېتىپ بارغان، ئۇنىڭغىمۇ ياساق ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى بېرىلگەن» [12].

يۇقىرىقى ئەھۋالدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋەتەننى پارچىلىماقچى بولغاندا، كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئامماسىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز مىللىتى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ھەتتا ئۆز ئائىلە ئۇرۇقلىرىنىڭمۇ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ھەممە بىزار بولۇپ، كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغان، بۇ ئۇلارنىڭ ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ بولۇپ يوقىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىدى. كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى — مەملىكەتنىڭ بىرلىكى ئىدى.

## ئىپارخاننىڭ ئوردىدىكى ئورنى

ئىپارخاننىڭ ئوردىغا كىرگەن ۋاقتى ھەققىدە، «ئىپارخان ھەققىدە تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسەردە، چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى جۇڭغار قەبىلىسىدىن داۋاچ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، چوڭ - كىچىك خوجىلارنى جۇڭغارلارنىڭ نەزەربەنتىدىن بوشاتقاندىن كېيىن، ئىپارخان ئىككى خوجا تەرىپىدىن ئوردىغا تەقدىم قىلىنغان دەپ قارالغان. بۇۋاقىت بەكبالدۇر مۆلچەرلىنىپ كەتكەن. چيەن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇڭنىڭ 17 - يىلىدىن 39 - يىلىغىچە بولغان ئوردىدىكى «مۇكاپات ۋە ئىنئام كۆتەك دەپتىرى»دىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلىدىن بۇرۇنقى يىللار بويىچە پۈتۈلگەن تەپسىلىي ئىسىملىكتە، يۇقىرىسى خانىشتىن تارتىپ تۆۋىنى «چاڭزەي»، «دايىڭ» دەپ ئاتالغان ساراي قىزلىرىغىچە بولغانلار ئارىسىدا رۇڭفېي (ئىپارخان) نىڭ ئىسمى يوق ئىكەن. ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ تېپىلغان ماتېرىياللار ئىچىدە، ئەڭ بالدۇرراق خاتىرىلەردە ئۇچرايدىغىنى چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خانىش باشلىق 15 كىشىگە لىجۇ ئىنئام قىلىنغاندا، ئۇلار ئارىسىدا «خې گۈيرېن» (خې — خوجا، گۈيرېن — ئېسىل خېنىم مەنىسىدە — ت) دىگەن بىر ئىسىم ئۇچرايدۇ ⑬. مۇشۇ «خې گۈيرېن» دەل شۇ كېيىنكى رۇڭفېينىڭ ئۆزى. «چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتى شەجەرىسى IV -. خانىشلار شەجەرىسى» دە مۇنداق دەيدۇ: «رۇڭفېي، خوجا پامىلىسى (جەمەتى) دىن ......... ئوردىغا يېڭى كىردى، گۈيرېن دىگەن ئۇنۋان ئىنئام قىلىندى.» ئوردىدىكىلەر ئۇنى «和» (خې) پامىلىلىك ئىكەن دەپ بىلىپ «خې گۈيرېن» دەپ ئاتاشقان. يەنە «ھەرەمدە مۇكاپات، ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەر جەدۋىلى» نىڭ 3 - سىدە: چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى «9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، خې گۈيرېننىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، خان 159 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى.» دىيىلگەن. «ھەرەمدە مۇكاپات، ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەر جەدۋىلى» نىڭ 5 - سىدە، چيەنلۇڭنىڭ 49 - يىلى «1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى رۇڭفېيغا 50 ياش چېغىدا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ئىنئام بېرىلدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان خاتىرىسى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى» دىيىلگەن. خې گۈيرېن بىلەن ئىپارخاننىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئوخشاش ئىكەن، دىمەك، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىگىدە شەك يوق. ئىپارخان ئوردىغا كىرگەن ھامانلا «گۈيرېن» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، «چاڭزەي»، «دايىڭ» دىن ئىبارەت ئىككى بالداقنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، ھالبۇكى، «گۈيرېن» ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرىلارنىڭ ھەممىسى ئوردىدا «خوجايىن» دەپ ئاتىلىپ، «تۆر»دىن ئورۇن ئالاتتى. بۇ ھال ئىپارخاننىڭ ئوردىغا كىرگەن چېغىدىلا ھۆكۈمران سالاھىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇ چاغدا ئىپارخاننىڭ تۆھمەت يېشى 26 گە كىرگەن بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، ئۇ ئەسلىدە نىكالانغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، ئىپارخاننىڭ ئوردىغا كىرگەن ۋاقتى چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 2 - ئايلاردا بولۇشى كېرەك، بۇندىن ئىلگىرىكى 9 - ئايدا يەنى ئىت يىلىدا ئىپارخاننىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بېيجىڭگە ماڭغان چېغىدا، چيەنلۇڭ خان يارلىق چىقىرىپ مۇنداق دىگەن: «جاۋخۇيىنىڭ مەلۇماتى بويىچە، بېيجىڭگە كەلگەنلەردىن تۇردى خوجىدىن باشقا، خوتۇن - بالا - چاقىلىرىمۇ بېيجىڭگە ئېلىپ

كېيىنسۇن، ئۇلاردىن مامۇت (ئىپارخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى) نىڭ ئوغلى بابا خوجىلارمۇ جاۋخۇيلار بىلەن بېيجىڭگە بىللە كەلسە بولىدۇ.» [14] چيگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى گېنېرال جاۋخۇي، غەرپتە غەلىبە قازىنىپ تەنتەنە بىلەن 25-يىلى 2-ئايدا بېيجىڭگە قايتىپ كەلگەن [15]. شۇ ئايدا ئىپارخاننىڭ 6-تاغىسى «پەرسا خوجا، ياساق تەيجى مامۇتنىڭ ئوغلى بابا خوجىلار بېيجىڭگە يېتىپ كەلگەن» [16]. دېمەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن، ئىپارخاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ، جاۋخۇي بىلەن بىللە كەلگەن.

ئىپارخان بېيجىڭگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئوردىغا كىرگەن. بۇنى 3-ئاينىڭ بېشىدا خان تۇيۇقسىزلا ئوردىغا ئورۇنلىغان كۈمۈش ۋە ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئىنئام قىلغانلىقىدىن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ، ئەسلىدە ئوردىمۇ تاغىسى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى 12-ئاينىڭ 13-كۈنى داشۆشى قوشۇمچە ھەرەم ئىشلىرى باشقۇرغۇچى، ئىچكى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باش ھۆكۈمدارى باش ۋەزىر فۇخۇەننىڭ مەلۇمات نامىسىدا (مانجۇچە) مۇنداق دېيىلگەن: «(غەربىي چاڭئەن) قوۋۇغىنىڭ سىرتى (ھازىرقى غەربىي چاڭئەن كوچىسى شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبى) دىكى ئۆيلەر رېمونت قىلىنىپ، تۈزەشتۈرۈلدى، ئۇيغۇر گۇڭلاردىن ھوسيىن، تەيجى مامۇت، تەيجى تۇردىلارنىڭ ئائىلىسىنى ئوبدان ئاسراپ بېيجىڭگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلارنى بىرلىكتە شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرماقچىمىز.» بىراق، 25-يىلى 3-ئاينىڭ 2-كۈنى فۇخۇەن يەنە (مانجۇچە) مەلۇماتنامە سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: «خاننىڭ ئەمرىگە بىنائەن، تۇردىلارغا مال-مۈلۈك ئىنئام قىلىش ئىشلىرى چىڭ فۇنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى، خان سارىيىنىڭ شەرقىدىكى چوڭ بازارنىڭ 6-كوچىسى (ھازىرقى دۇڭسى شىمالىي 6-كوچا) دا ھازىر بار بولغان 22 ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىنى ئۇلارغا ئىنئام قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بۇيرۇلدى»، «ھەزرەتلىرىنىڭ مېھرى-شەپقىتى بىلەن تۇردىنىڭ يېڭىلا ئۆي-ماكان تۇتقانلىقى ئۈچۈن، چاكار-خىزمەتلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئوڭشاپ ئېلىشى، ئۆي سايمان، جاھاز-جابدۇقلارغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سەرەمجانلاپ ئېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا غەزنىدىن 500 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ ئىنئام قىلىپ بېرىشكە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمىز. يەنە تەكشۈرۈپ خەۋەردار بولۇشىمىزچە، تۇردىنىڭ يىللىق مائاشى ئاران يۈز سەرچە كۈمۈش ئىكەن، ئۇنى چاكار-خىزمەتچىلىرىنى ئىشقا سېپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىش ۋە ئۆي ئىشلىرىغا ئوخشاش ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئاز - تولا قوشۇمچە قىلىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆي - ئىمارەت ئىجارە غەزنىسىدىن ھەر ئايدا يىگىرمە سەر كۈمۈش قوشۇمچە ياردەم بېرىلسە.» [17] نىمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا مۇشۇ چوڭ ئائىلىدىن بىرلا تۇردىغا ئايرىم ھالدا بىر يۇرۇش جاي، 900 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىندى ھەم شۇندىن كېيىن يەنە ھەر ئايدا ئۆلچەمدىن تاشقىرى يىگىرمە سەر كۈمۈش (ئۇنىڭ مائاشىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن ئارتۇق) قوشۇپ بېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى، ئېھتىمال، 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئايدا، تۇردى ئۆز سىڭلىسى ئىپارخاننى خان سارىيىغا تەقدىم قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

راۋايەتتە، ئىپارخان ئوردىغا كىرىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، خانىش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىپارخان ئىلگىرى - ئاخىر خانىشنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە «گۈيرېن» دېگەن ئۇنۋاندىن «پىن» ئۇنۋانىغا كۆتۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن يەنە ئۆستۈرۈلۈپ «فېي» يەنى شاھبانۇ دەرىجىسى ئىنئام قىلىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 12 - ئاي يەنى ئات يىلىدىكى يارلىقتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خان خانىشنىڭ ئېسىل ئارزۇسىغا بىنائەن، گۈيرېنلاردىن ئەرگاس خېنىم، خوجا خېنىم ... لارغا پىن ئۇنۋانىنى ئىنئام قىلدى» [18]. «خوجا خېنىمغا رۇكپىن ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنىپ دەپتەرگە ئېلىندى» [19]. 36 - يىلى 6 - ئايدا يەنى توخۇ يىلى، خاننىڭ يارلىقىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خانىشنىڭ ئېسىل ئارزۇسىغا بىنائەن... رۇكپىنغا شاھبانۇ ئۇنۋانى ئىنئام قىلىندى [20]. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خانىش 42 - يىلى ئۆلگەن [21]، ئىپارخان بولسا، 53 - يىلى (1788 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۆلگەن [22]. دېمەك، خانىش ئۆلۈپ ئون بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىپارخان ئۆلگەن، ھالبۇكى، ئىپارخاننى قانداقلارچە خانىش ئۆلتۈرۈۋەتكەن دېگىلى بولسۇن؟ ئەمەلىي ئەھۋال بولسا، چيەنلۇڭ خاننىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا خانىش تەسىس قىلىنمىغاچقا، 42 - يىلغا كەلگەندە رۇكفېي (ئىپارخان) ئوردىدىكى شاھبانۇلار ۋە پىنلار ئىچىدە 3 - ئورۇننى ئىگەللىگەن، يەنى ناھايىتى ئالى ئورۇننى تۇتقان [23]. بۇنى كۈتىدىغان ھەرەم ئاغىسى ۋە كېنىزەكلەر 24 كىشى بولغان [24].

ئىپارخان ئوردىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتىگە ئېتىبار بېرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ تېخى گۈيرېن ئۇنۋانىدىكى چاغدىلا ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىنىدىغان قوغۇن، تاۋۇزلارغا

ئوخشاش تارتۇق باشقا شاھبانۇلار ۋە پىنلارنىڭكىدىن كۆپ بولغان [25]. خان ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ كۆپىنچىسى قوي گۆشى، توخۇ، غاز - ئۆردەك، سەي - كۆكتاتلار بولغان. [26] ئوردىدا نۇر مەھەممەت ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئاشپەز بولۇپ، مەخسۇس «گۈرۈچ ئاش» (پولو)، پىياز بىلەن قورۇلغان سەي - قازان كاۋىپىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقلىرىنى ئېتىپ بەرگەن [27]. ئىپارخان ئوردىدا ئۇزۇن مۇددەت ئۇيغۇرچە كىيىنىپ يۈرگەن، چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 6 - ئايغا كەلگەندە «رۇڭپىن شاھبانۇلۇققا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە مانجۇچە ئوردا تاجىسى، ئوردا كىيىمى، خەيرلىك تون - كىيىملىرى يوق» بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭىدىن مانجۇچە تون - كىيىملەر، تاج، 16 تىنزىق ئۈنچە مارجانغا ئوخشاش زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئوردا كىيىملىرىنى تەييارلاپ بەرگەن. [28] ئۇنىڭ ئانا جەمەتىدىن بولغان ئۇيغۇر ئاياللار بېيجىڭغا كەلگىنىگە 16 يىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ، زىبۇ - زىننەتلىرىنى تاقاپ يۈرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 41 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مېھمانكۈتۈش مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىگە يوللىغان ئالاقىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «جۇنجېڭ ئاق تۇغ موڭغۇل دۇتۇڭى ئالاقىسىدا مەلۇم قىلىدۇركىم ... تەكشۈرۈپ بىلىشىمىزچە، تۇغىمىزغا تەۋە بولۇپ كىرگەن ئۇيغۇر گۇڭلاردىن ھاشىق(؟)، تۇردى، ھۆسەيىن، بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى مامۇت، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجى قاسىم خوجا قاتارلىقلارنىڭ خوتۇن بالا - چاقىلىرى ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچىكنى تا ھازىرغىچە ئۆزگەرتمىگەن.»

چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغىمۇ ناھايىتى ئېتىبار بەرگەن. چيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى تۇردى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئوغلى بولمىغاچقا جىيەنى توختى (قاسىم خوجىنىڭ ئوغلى) ئۇنىڭ فۇگوگۇڭلۇق ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان. باباخوجا ئەسلى تۆتىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئىدى، چيەنلۇڭنىڭ 44 - يىلى ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجىلىككە ۋارىسلىق قىلغان، چيەنلۇڭنىڭ 48 - يىلى يارلىق چىقىرىلىپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن «دەرىجە رېتى بويىچە تۆۋەنلىتىلىپ تۆتىنچى دەرىجىلىك تەيجىلىككە ۋارىسلىق قىلىدۇ» دەپ بەلگىلىگەن. لېكىن 53 - يىلى ئىپارخان ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، قايتىدىن يارلىق چۈشۈرۈلۈپ، «ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدۇرىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 55 - يىلى ئىپارخاننىڭ تاغىسى ھۆسەيىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىم خوجا «ئەسلى قائىدە بويىچە دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ ۋارىس بولۇشى لازىم بولسىمۇ»، يەنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فۇگوگۇڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ، دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 56 - يىللى يەنە «خىزمىتىنى تىرىشچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، جىيەنگوگۇڭلۇققا كۆتۈرۈلگەن» ⑳.

چيەنلۇڭ خانىنىڭ ئىپارخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە - ئورۇن ۋە باياشات تەمىنات بەرگەنلىكىنى پەقەت ئۇنىڭ شاھبانۇسىغا ئامراقلىقىدىن بولغان، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللانغان مىللىي سىياسىتى، ئاساسەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز خاندانلىقىنى قوللىتىشىدىن ئىبارەت بولغان. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتى كۆپ قېتىم موڭغۇل ئاق سۆڭەكلىرى بىلەن قۇدىلاشقان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ ۋەشىزۇڭ خانلىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىزىنى ئۆزىگە خانىش، شاھبانۇ قىلغان؛ نۇرخاچىدىن تارتىپ، كاڭشى، چيەنلۇڭغا ئوخشاش خانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەلىكىلىرىنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ياتلىق قىلغان؛ چيەنلۇڭنىڭ ئىپارخاننى قوبۇل قىلىشىمۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، يەنى «ئىپارخان» ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىش يولى بىلەن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ غەربىي شىمال رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىپارخان ئائىلىسى بۆلگۈنچىلىك توپىلاڭلارغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان. كېيىنچە ئۇيغۇر «ۋاڭ - گۇڭلىرى قەرەللىك ھالدا پايتەختكە بېرىپ، كۈتۈلۈپ تۇرغان» ㉚ بولۇپ، ئۇلارمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى تەبىقىلىرى ئارىسىدا مەلۇم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ پائالىيەتلەر ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق - ئىناق ياشىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق بولغان. شۇڭا، راۋايەتلەرنىڭ ساختا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ، ئىپارخاننىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق.

ئىزاھلار:

① ئازاتلىقتىن ئىلگىرى «ئەلەم - تۇغلۇق چاكچەكلە» دە «ئىپارخاننىڭ نەپرىتى» دېگەنگە ئوخشاش بېيجىڭ چاكچەكلىسى بار ئىدى. ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىمۇ «ئىپارخان» دېگەن بېيجىڭ چاكچەكلىسى ئوينالغان.

(2) ياپونىيىنىڭ «ياپونىيە تارىخى قامۇسى» 3 - كىتابىنىڭ 28 - بېتى ۋە «ئاسىيا تارىخى قىسقىسى» 3 - كىتابىنىڭ 298 - بېتى.

(3) ئا ق ش ھۆكۈمەت باسما ئىدارىسى نەشر قىلغان «جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر زاتلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» 1 - كىتابىنىڭ 74 - بېتى.

(4) ب. ۋ. ئاپتورنىڭ 1937 - يىلى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەسىرى بولۇپ، «دۆلەتلىك بېيجىڭ داشۆ دۆلەتشۇناسلىق ئىلمى پەسىللىك ژۇرنىلى» نىڭ 6 - جىلدى 3 - نومۇرلۇق شاپىگراپتا بېسىلغان نۇسخىسى ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان؛ كېيىنچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاچقا، بۇ پەسىللىك ژۇرنالمۇ توختاپ قالغان.

(5) شۇ كىتاپىنىڭ 1 - 2 - 3 - نەشرى.

(6) «غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» 11 - جىلد.

(7) «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمى تەپسىراتلىرى. تۇردى تەزكىرىسى».

(8) (11) (12) «تەۋە قەۋملەر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار» 16 - جىلد.

(9) «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرى ۋە تاكتىكىسى» رەسمىي توپلام، 78 - جىلد.

(11) «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانغا دائىر ئەمەلىي خاتىرىلەر» 598 - جىلد.

(13) (25) چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلىدىن 44 - يىلىغىچە «قوغۇن، مىلىجىۋلار تىزىمى كۆتەك دەپتىرى»

(14) «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش تەدبىرى ۋە تاكتىكىسى» رەسمىي توپلام، 79 - جىلد.

(15) «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» 8 - جىلد.

(16) «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىسى ۋە تاكتىكىسى» رەسمىي توپلام، 85 - جىلد.

(17) مەزكۇر ئىككى پارچە مانجۇچە مەلۇماتنامىنى شىۋە ئالىملىرىدىن گوجىنەن ۋە شياۋفۇ يولداشلار تەرجىمە قىلغان.

(18) «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خانغا دائىر ئەمەلىي خاتىرىلەر» 651 - جىلد.

(19) يۇقۇرقى كىتاب، 661 - جىلد.

(20) يۇقۇرقى كىتاب، 812 جىلد.

(21) «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلار. خانىشلار تەزكىرىسى».

(22) «چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتى شەجىرىسى خانىشلار شەجىرىسى».

(23) چيەنلۇڭنىڭ 40 - يىلىدىن 53 - يىلىغىچە بولغان «مۇكاپات ۋە ئىنئام كۆتەك دەپتىرى» گە قاراڭ.

(24) «رۇگفىيدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

(26) چىيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى «جىياڭنەندىن رەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن يولغا چىققان ئوردا ئۇزۇقلۇقى» ۋە 36 - يىلقى «شەندۇڭدىن ئۆزلۈكىدىن يولغا چىققان ئۇزۇقلۇقلار»غا قاراڭ .

(27) چىيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلدىكى «رېتى بويىچە ئۆزلۈكىدىن يولغا چىققان ئوردا ئۇزۇقلۇقى» .

(28) چىيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى يولغا قويۇلغان «ھەرەمدە مۇكاپات قىلىنغان ۋە ئىنئام قىلىنغان نەرسىلەر جەدۋىلى» نىڭ 3 - سى .

(29) «ئۇيغۇرلار رايونى تەپسىراتلىرى» 6 - جىلد .

(30) «شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ 210 - بېتى.

ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى

# «ئىپارخان» نىڭ دادىسى ھەققىدە ئىزدىنىش

## —— يولداش شياۋجۇشىن بىلەن مەسلىھەت

جى داچۈن

«مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1979-يىل 2-سانىغا بېسىلغان يولداش شياۋ جۇشىنىڭ «ئىپارخان ھەققىدە يېڭىدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار» دېگەن ماقالىسىدە «ئىپارخان» نىڭ توپىلاڭچى چوڭ-كىچىك خوجىلار ئائىلىسىدىن بولماستىن، بەلكى ئۇلار بىلەن ئۇرۇقداش بولسىمۇ، ئايرىم بىر ئائىلە ھېسابلىنىدىغان ھوسەيىن جەمەتىگە تەۋە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، ماقالىدە يەنە گۇگۇڭ (قەدىمقى خان سارىيى) مۇزېيىدا يېڭىدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، «ئىپارخان» نىڭ ئوردىغا كىرگەن چاغدا 26 ياشتا ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئوردىدىكى ئورۇن-مەرتىۋىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ماقالە بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن مىڭ سىن ئۆزىنىڭ «ئىپارخان ھەققىدە تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە، ئىپارخان چيەنلۇڭ خاننىڭ شاھبانۇلىرىدىن بىرى بولغان رۇڭفېي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق ئىسپاتلىغۇچى ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى غەيرىي تارىخلار، خاتىرىلەر، راۋايەتلەردىكى «ئىپارخان» ھەققىدە ئېيتىلىپ كەلگەن خاتالىقلارنى ئېنىقلاپ تۈزىتىشتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

بىراق، شياۋ جۇشىن ماقالىسىدا «ئىپارخان» نىڭ يۇرتى قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرى» ھەققىدىكى ماتېرىيالدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئىپارخان»نى ئېلى خوجىنىڭ قىزى دەپ كۆرسەتكەن، ئۇنىڭدا ئاساس يېتەرسىز؛ بۇ ئارخىپ ماتېرىياللاردىن ئۇنى توغرا دەپ ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر. خانىشلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە زىت كېلىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ ئىسپاتلاش زۆرۈر.

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەشقەردىكى «ئاپپاق خوجا مازىرى» توغرىسىدىكى ھېلىقى ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدە زور مەسىلە بار. ئۇ ئۆتمۈشتىن ساقلىنىپ كەلگەن تارىخىي خاتىرىلەر بولماستىن، بەلكى ئازادلىقتىن كېيىن شۇ جاينىڭ كادىرلىرى تەرىپىدىن ئوخشاشمىغان راۋايەتلەرگە ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇيەردە دەپنە قىلىنغان 60-70 كىشى ئىچىدە «ئىپارخان» مۇ بار دەپ چۈشەندۈرۈلگەن («ئىپارخان» نىڭ شىنجاڭغا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغانلىقى —— ئۇ بىر قىياسەن قىلىنغان سۆز، ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرىنى «ئىپارخان قەۋرىسى» دېيىشمۇ قىلچە ئاساسسىز. تەپسىلاتىنى سۆزلەش ئۈچۈن ئايرىم ماقالە يېزىشقا توغرا

www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ)، «ئىپارخان» نىڭ جەمەتى توغرىسىدا سۆزلەنگەندە، ئۇ ماتېرىيالنىڭ خاتالىقى ئېنىقمۇ كۆپ چېلىقىدۇ، «غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە»، «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «ئۇيغۇرلار رايونى تەپسىراتى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن دەلىل - ئىسپات تېپىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا، ئاشۇ ماتېرىيالنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر مۇنچە زىددىيەت مەۋجۇت، مەسىلەن: باشتا ئاپپاق خوجا «ئىپارخان» نىڭ بوۋىسى دەپ كۆرسىتىلسە، ئاخىرىغا بېرىپ يەنە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بوۋىسى ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ، دېمەك، ئەمەلىيەت بىلەن ماسلاشمايدىغان توقۇنۇشلار بەك زور. شياۋجۈشىن ماقالىسىدا نەقىل كەلتۈرۈپ: «ئىپارخاننىڭ ئەسلى ئىسمى مەمۇرە ئېزىم، ئېلى خوجىنىڭ قىزىدۇر» دېگەن سۆزىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

«ئىپارخان» نىڭ ئەسلى ئىسمى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنمىگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخشۇناس موللامۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخ ھەممىدى» دېگەن كىتابىدا: گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر ئۇيغۇر قىزى بولۇپ، ئۇنى مەنسەپدارلار خانغا خوتۇن قىلىشقا تەقدىم قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەن، دېگەن بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. بۇ رىۋايەت دەل «ئىپارخان» نىڭ ئوردىغا كىرىپ شاھبانۇ بولغانلىقىدەك پاكىتنى ئىنكاس قىلىدۇ. بىراق ئاپتور ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بايان قىلمىغان. يېقىنقى 40 يىل مابەينىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ئىپارخان» دېگەن ئىسمنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرھان ئەپەندى خەنزۇچە «شياڭفېي» (يەنى ئىپار پۇرايدىغان شاھبانۇ مەنىسىدە — ت) دېگەن ئىسمنى تەرجىمە قىلىپ ئاتىغان ئىكەن. بۇ ئىسىم ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلماقتا. ئۇندىن باشقا، خەنزۇچە غەيرى رەسمىي تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان «ئىپارخان» ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن قەتئىي باش ئەگمەستىن، ئۆلگىچە ئار - نومۇسنى ساتمىدى دەيدىغان سۆزلەرگە ئاساسەن، ئىككى خىل ئىسىم تەقلىت ئاساستا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرىسىدە «نۇر ئەلا نۇر» دېسە، يەنە بىرىسىدە «شەمشىنۇر» («شەمشى — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، قۇياش مەنىسىدە - ت) دېيىلىدۇ. «مەمۇرە ئېزىم» دېگەن ئىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىسمى ئالدىدا، دادىسىنىڭ ئىسمى ئارقىسىدا بولىدىغان ئادىتى بويىچە قارىغاندا، ئۇ «ئېزىمنىڭ قىزى مەمۇرە» دېگەن بولىدۇ. ئېزىم دېگەن ئىسىم مەزكۇر خوجىلار جەمەتى شەجەرىسى ئىچىدە يوق، يەنى ئېلى خوجا بىلەن ئىلىشقىدەك يېرىمۇ يوق.

ئېلى خوجا — «غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» دىكى ئەلى خوجىنىڭ ئۆزى، ئېلى (ئەلى) خوجا مەيلى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن چاغلاردا بولسۇن، ياكى ھۇسەيىن خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ

تۇپىلاڭنى تىنچىتقان پاناھىيەتلەردە، بولسۇن ھەرقايسىسىنىڭ خاتىرىلىرىدە چېلىقمايدۇ، ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن، ھېچ بولمىغاندا ئۇ بېيجىڭگە بېرىپ خان تەرىپىدىن بېرىلگەن تەيجى ئۇنۋانىغا مۇيەسسەر بولمىغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر. خانىشلار تەزكىرىسى» دە ئوپ - ئوچۇق قىلىپ، «ئىپارخان» نى «تەيجى خوجامنىڭ قىزى» دېگەن. شياۋجۇشىننىڭ ماقالىسىدە: خوجام دېگەن ئىسىم ئەمەس، ئەمەل ياكى ھۆرمەت ئاتالغۇسى، دېيىلگەن. دېمەك، شۇ بويىچە بۇ ئاتالغۇنى چىقىرىپ تاشلىساق، ئۇ چاغدا «ئىپارخان» تەيجىنىڭ قىزى بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. بىراق شياجۇشىننىڭ ماقالىسىدە «بۇ ئۇنۋان دائىم ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئىپارخاننىڭ دادىسى ئەۋەتتە تەيجى بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن. بۇنداق دېيىش توغرا كەلمەسە كېرەك. چۈنكى ئۇنۋاننىڭ دەسلەپتە ئىنئام قىلىنغىنى بىلەن ۋارىسلىق قىلىنغىنىنىڭ پەرقى بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا دەسلىۋىدە، ۋاڭ گۇڭ، تەيجى ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغانلارنىڭ دادىسىمۇ ۋاڭ گۇڭ، تەيجى ئۇنۋانى بېرىلىدىغان تۈزۈم يوق ئىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر. خانىشلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرنى دەۋر قىلغان ھالدا «ئىپارخان» نىڭ دادىسى توغرىسىدا ئىزدەنسەك، ئانچىمۇ تەس ئەمەس ئىدى. شياۋجۇشىننىڭ ماقالىسىدە ئىشەنچلىك ئورۇندا ئارخىپ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، «ئىپارخان» نىڭ پايتەختكە كىرگەن خوجىلار جەمەتىدىن ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، قالغان مەسىلە پەقەتلا تەيجىلىككە تەيىنلىنىپ ئۇنۋان بېرىلگۈچىلەرنىڭ قايسىسى ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسىلا بولاتتى.

خې نىڭنىڭ «ئۇيغۇرلار رايونى تەپسىراتلىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 6 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، 1760 - يىلى پايتەختكە كېلىپ خان تەرىپىدىن ئۇنۋان ئىنئام قىلىنغان خوجىلار بەش كىشى ئىكەن. ئۇلار ئىچىدە، ھۇسەيىنگە فۇگوگۇڭلۇق * ئۇنۋان ئىنئام قىلىنغان؛ ھۇسەيىننىڭ 3 - ئاكىسىنىڭ ئوغلى تۇردىغا 1 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆستۈرۈلۈپ فۇگوگۇڭلۇق ئۇنۋان بېرىلگەن؛ ھۇسەيىننىڭ چوڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى مامۇتقا (يەنى ئوتتۇرانجى خوجا، تۇپىلاڭ كۆتەرگەن ئاكا - ئۇكا خوجىلار بىلەن تەڭتۇش) 1 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان؛ ھۇسەيىننىڭ ئىنىسى پەرساغا 3 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان. شياۋجۇشىن ماقالىسىدىمۇ بۇ 4 كىشى بايان قىلىنغان. ئۇلاردىن باشقا يەنە بىر كىشى بولۇپ، جەمەتى يىراقراق، ئىسمى ئابدۇراخمان، ئۇ كىشى ھۇسەيىن بىلەن تەڭتۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا 2 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنغان.

* فۇگوگۇڭ (公国辅) — دۆلەتكە نايىپ ھەزرەت.

www.uyghurkitap.com

ماموت، پەرسا، ئابدۇراخمانلاردىن ئىبارەت شۇ ئۈچ ئەيجىنىڭ بىرسى «ئىپارخان» نىڭ دادىسى بولۇش كېرەك.

جەنۇبىي شىنجاڭ راۋايەتلىرىدە، «ئىپارخان» نىڭ ئاكىسى — تۇردى، دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ ئۆز ئاكىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى ئەيجىلىك ئۇنۋانى ئىنئام قىلىنمىغان ئېلى (ئەلى) خوجا بولغان بولىدۇ. ئۇ «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر. خانىشلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بولىدىغان بولسا، يەنە بىر زاماندىكى بولغان ماموتنى چىقىرىۋەتسەك، پەقەت پەرسا بىلەن ئابدۇراخماندىن ئىبارەت ئىككى ئەيجى «ئىپارخان» دىن بىر ئەۋلاد چوڭ بولغان بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىنىڭ «ئىستىغپار ھۆجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر. C تومپلام 3» دە ئېيتىلىشىچە: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، بېيجىڭدىكى خوجا ئەۋلادلىرى ئارقا - ئارقىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىشىپ، «ئاپپاق خوجا مازىرى» نىڭ ۋەخپە يەر - زېمىنلىرىنى تالىشىپ داۋالىشىدىغان ئىشلار ئەزۋەيلەپ كەتكەن. ئۇلار ئارىسىدىكى XXX * ئىسىملىك بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ دادىسى «ئىپارخان» نىڭ ئاتا بىرلەك ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ھەم «ئىپارخان» نىڭ دادىسى «پەرسا ئىدى» دېگەن. دېمەك، شۇلارغا قاراپ تۇرۇپ «ئىپارخان» نىڭ دادىسى 3 - دەرىجىلىك تەيجى پەرسا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

«ئۇيغۇرلار رايونى تەپسىراتلىرى» نىڭ 6 - جىلدىگە ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چوڭ -كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنچىتقان چاغلاردا، تاغا ۋەجىيەن بولغان ھۆسپىيىن (تاغا)، تۇردى (جىيەن ئىنى) قاتارلىق تۆت كىشى قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا كېلىپ قوشۇلۇپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ خىزمەت كۆرسەتكەن، پەقەت ئۇلار ئىچىدىكى پەرسا قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدىن قوقەنت خانلىقىنىڭ مەرغۇلان دېگەن يېرىگە قېچىپ كەتكەن؛ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئەلچى ئەۋەتىپ «چاقىرتقان» دىن كېيىن، ئاندىن قايتىپ كېلىپ بېيجىڭگە بارغان، شۇڭا چيەنلۇڭ خان ئۇنۋان بەرگەن چېغىدا، پەرسانىڭ ئۇنۋان دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھەم كېيىنمۇ ئۇنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلمىگەن. ھۆسەيىن، تۇردى قاتارلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرسانىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە

* خەنزۇچە تېكىستتە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيالدا 达扬氏 (داياڭ خېنىم) دەپ يېزىلغان، ئۇ ئايالنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ھازىرچە تاپالمىغاچقا، XXX بەلگىسى قويۇلدى — ت

بولغان بېقىنىشى ئاجىزراق بولغان ، بىراق ، چىيەنلۇڭ خان ئۇنىڭ قىزىنى شاھبانۇلىققا ئالغانلىقى، ياكى ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنچىلىك يۈز خاتىرە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن ئۇرۇق جەمەتىگە قارىتىلغان مۇئامىلە ئىدى.

يەنە شۇ كىتابنىڭ 6 - ۋە 12 - جىلدلىرىغا قارىغاندا، 1772 - يىلى ئابدۇراخمان ئۆلگەن، 1779 - يىلى مامۇت، تۇردىلار ئۆلگەن. ئەۋلادلىرىدىن تۆھپىسى بولمىغانلىرى قائىدە بويىچە ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىشتا دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن، تۇردىنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا ، ھۇسەيىنىڭ نەۋرىسى توختى ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان، كېيىن توختىنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ۋارىسلىق قىلىش توختىغان. 1788 - يىلى «ئىسپارخان» ئۆلگەن، ھەر قايسى خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرى خان يارلىقى بويىچە «ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلدىغان» بولغان. 1790 - يىلى پەرسا ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئوغلى باباق يەنىلا 3 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانىغا ۋارىس بولغان. شۇ يىلى ھۈسەيىن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمخوجا فۇگوگۇڭلۇق ئۇنۋانىغا ۋارىس بولغان، ئىككىنچى يىلى جېنگو گۇڭلۇققا * ئۆستۈرۈلگەن، لېكىن كېيىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان. جېنگوگۇڭلۇق ئۇنۋانىغا مامۇتنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانىدىكى ئوغلى ۋارىسلىق قىلماستىن، بەلكى پەرسانىڭ 3 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانىدىكى ئوغلى باباق ۋارىسلىق قىلغان. دېمەك، بۇ يەردە بىر سىر بولۇشى مۇمكىن!

*جېنگوگۇڭ ( 公国镇 )—دۆلەتنى تىنچلاندۇرغۇچى ھەزرەت.

ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى

# «ئىپارخان» نىڭ دادىسىنى ئىسپاتلاشتا خان سارىيىدىكى ئارخىپقا ئاساسلىنىش كېرەك

## — «ئىپارخاننىڭ دادىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» كە جاۋاپ

شياۋ جۇشىن

«مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 11 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئىپارخان» نىڭ دادىسى ھەققىدە ئىزدىنىش» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئىزدىنىش» دەپ ئاتايمىز) دېگەن ماقالىدا، بەزىبىر يېڭى ماتېرىيال ۋە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ئىپارخان» نىڭ ھاياتى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇردى. بىراق، «ئىزدىنىش» تە ئاساسلانغان ماتېرىياللار، ئاساسەن، «مىنگو» زامانىسىدىن بۇيان يېزىلغان بەزىبىر كىتابلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى «غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» ۋە «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلار، بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خان زامانىسىنىڭ خان سارىيىدىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، «ئىپارخان» نىڭ دادىسى زادى كىم؟ دېگەن مەسىلىنى داۋاملىق ئىزدىنىپ مۇھاكىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى باردەكتۇرىدۇ.

1

بىرىنچى، «ئىزدىنىش» تە «ئىپارخان» نىڭ دادىسى پەرسا دېيىلگەن. ئۇنىڭ مۇھىم ئاساسى «ئىستىغپار ھۇجرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپلەر، توپلام 3» دىكى «مىنگو نىڭ 6 - يىلى (مىلادى 1917 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېزىلغان «يارلىق مەسلىھەتچىسى يۈسۈپنىڭ شياڭفېي مازىرىنىڭ ۋەخپە مىراسى ھەققىدىكى ئەرزىيىتى» (تۆۋەندە بۇلارنى «مەكتۇپلەر» دەپ ئاتايمىز) دېگەندىن ئىبارەت. بىراق، «مىنگو» يىللىرىدا پۈتۈلگەن بۇ «مەكتۇپلەر» دە قەيت قىلىنغان «ئىپارخان» ئائىلىسىنىڭ شەجەرىسى، چيەنلۇڭ خان زامانىسىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ماس كەلمەيدۇ. «مەكتۇپلەر» نىڭ بېشىدىلا «ئىپارخان» نى خاتا ھالدا «شياڭفېي» دەپ ئاتىۋالغان. ئارقىدىنلا يەنە، پەرسانىڭ چوڭ بوۋىسى ئاپپاق خوجا، بوۋىسى ئابدۇسەمەت، ئاتىسى كافۇشېك (؟) دېگەن. ۋاھالەنكى، چيەنلۇڭ خان ئوردىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» نىڭ 11 - جىلدى ۋە «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 48 - جىلدلىرىدا ئوپ - ئوچۇق قىلىپ پەرسانىڭ چوڭ بوۋىسى مامۇت يۈسۈپ، بوۋىسى كارامەت خوجا، ئاتىسى مۆمىن دەپ خاتىرىلەنگەن. «مەكتۇپلەر» دە پەرسانىڭ ئىككى

ئوغۇل بىر قىزى بار. چوڭ ئوغلى تۇرغۇن، ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇقادىر، «قىزى شياڭفېي» دېگەن. بىراق، خان سارىيى ئارخىپلىرىدىكى «شاھبانۇرۇڭفېيدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى» دە ئوپ-ئوچۇق قىلىپ پەرسانىڭ بەش ئوغلى بار، ئۇلار: بەكرى، ئاق پەتتا، قاۋۇل، ۋەلىقۇل ۋە باباقلاردىن ئىبارەت، دەپ خاتىرىلەنگەن.

«مەكتۇپلەر» پەرسا ئائىلىسىنىڭ نەسەبلىرىنى يەنى ئاتالمىش «ئىپارخان» نىڭ پۈتۈن ئائىلە نەسەبلىرىنى تامامەن ئېلىشتۇرۇۋەتكەن تۇرسا، قانداق قىلىپ ئاشۇنداق خاتا خاتىرىلەر ئارىسىدىن «ئىپارخاننىڭ دادىسى پەرسا ئىدى» دېگەن ھۆكۈمگە دەلىمۇ دەل قىلىپ توغرا ئاساس كەلتۈرگىلى بولسۇن؟

ئىككىنچى، «ئىزدىنىش» ئۈز مۇلاھىزىسىدە ئىسپات ئاساسى ئۈچۈن يىپ ئۇچى قىلغىنى «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر. خانىش — شاھبانۇلار تەزكىرىسى» دىكى رۇڭفېي «ئۇيغۇر تەيجى خوجامنىڭ قىزى» ئىدى، دېگەن جۈملىدە تىلغا ئېلىنغان «تەيجى» سۆزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاپتور شۇنى ئاساس قىلغان ھالدا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن تەيجىلەر ئارىسىدىن «ئىپارخان» نىڭ دادىسىنى تاپماقچى بولىدۇ. بىراق، «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر» ھۆرمەت سۆزى بولغان «خوجام» نى خاتا ھالدا ئادەم ئىسمى دەپ چۈشىنىۋېلىپ، «خوجام» رۇڭفېي (ئىپارخان) نىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى دەۋالغان، خوش، ئاشۇ كىتابتىكى «تەيجى» دېگەن بىر ئېغىز سۆزگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى چوقۇم «ئىپارخان» نىڭ دادىسىغا بېرىلگەن ئەمەل — ئۇنۋان دەپ ئىشىنىشكە بولامدۇ؟

ئەمەلىيەتتە بولسا، «تەيجى» دېگەن سۆزنىڭ ئادەتتە ئىككى خىل مەنىسى ۋە ئىشلىتىش رولى بولىدۇ: بىرسى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەپ بېرىلگەن 1 — 2 — 3 — 4 — دەرىجىلىك تەيجى دېگەن ئۇنۋاندىن ئىبارەت؛ يەنە بىرى، ئادەتتە ئاقسۆڭەكلەرمۇ شۇنداق ئاتىلىۋېرەتتى. ئەگەر «چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر. خانىش — شاھبانۇلار تەزكىرىسى» دىكى «تەيجى خوجام» دېگەن سۆزدىكى تەيجى چوقۇم ئەمەل ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاشۇ تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدىسى بويىچە، ئۇنىڭ قانچىنچى دەرىجىلىك تەيجى ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولاتتى. چۈنكى ئاشۇ تەزكىرىدە، ئەمەل — ئۇنۋانغا ياتىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق نام — ئاتاقلىرى، دەرىجىلىرى روشەن يېزىلغان، مەسىلەن: شىزۇخاننىڭ خانىشىنى «بىرىنچى دەرىجىلىك ئاداخاپان باتۇرنىڭ قىزى» دەپ، شېڭزۇ شياۋچېڭرېن خانىشىنى «بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىر سونىنىڭ نەۋرىسى» دەپ، شېڭزۇ شياۋجاۋرېن خانىشىنى «بىرىنچى دەرىجىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۆك ( ھەزرەت ) ئې بىلۇڭنىڭ قىزى » دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش. « تەيجى خوجام »
دېيىش يۇقىرىقىدەك قائىدىگە زىت كېلىدۇ، ئۇ يەردە ئەمىلىيەتتە ئەمەل - ئۇنۋان
ئورنىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا
ئاتالغان نام. « تەۋە قەۋملەر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار »نىڭ 16 - جىلدى ۋە
« ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات » نىڭ 6-جىلدىدا: « ئىپارخان » نىڭ تاغىسى
ھۆسەيىن ئائىلىسى « ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارغا ئاقساقال بولغان، يەركەندە
تۇرۇپ، ئۆز مىللىتىگە باش بولغان. ئۇلارنى ئۆز مىللىتى تىلىدا ( خوجا ) دەپ
ئاتايدۇ، بۇ، موڭغۇللاردىكى ( تەيجى ) دېگەن نام بىلەن ئوخشاش » دەپ
يېزىلغان. بۇ ئىككى پارچە كىتابتا خوجا بىلەن تەيجى دېگەن ئىككى ئاتالغۇنىڭ
مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نامى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.
« ئىزدىنىش » تە بولسا، ئادەتتىكى نام - ئاتاقلارنى ئەمەل - ئۇنۋان دەپ بىلىپ،
تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا « تەيجى » ئۇنۋانىنى ئالغان - ئالمىغانلىقىنى « ئىپارخان »
نىڭ دادىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ بىردىن - بىر شەرتى قىلغان، بۇنداق
ھۆكۈم چىقىرىش يېتەرلىك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولمىسا كېرەك.

II

گۆگۈك ( خان سارىيى ) ئارخىپلىرىدىكى « شاھبانۇ رۇڭفېيدىن قالغان نەرسە لەر تىزىملىكى » — ھازىرغىچە مەلۇم بولغان « ئىپارخان » ( رۇڭفېي ) ئائىلىسىگە ئائىت ئەڭ ئىشەنچلىك ھەم تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (1788 - يىلى) 4- ئايدا رۇڭفېي ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى تەقسىم قىلغان چاغدا، خاننىڭ يارلىقىدا رۇڭفېينىڭ دادىسىغا بېرىشنى دېمەي بەلكى « دەنچەن » ( بۇ مانجۇچە سۆز بولۇپ، ئايال تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئائىلىسى دېگەن بولىدۇ — ت ) گە بېرىلسۇن دېيىلگەن، دەنچەنگە ۋەكىل بولۇپ تەۋەررۈكلەرنى ئالغۇچى دەل رۇڭفېينىڭ تاغىسى ھۆسەيىن ئىدى، دېمەك، رۇڭفېينىڭ دادىسى بۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن. ئەگەر پەرسا رۇڭفېينىڭ دادىسى ئىدى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قىزىنىڭ تەۋەررۈكلىرىنى ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان كىشى ئۇنىڭ تاغىسى ھۆسەيىن بولماستىن بەلكى « دادىسى » پەرسا بولۇشى كېرەك ئىدى، بۇ — بىرىنچىسى.

« شاھبانۇ رۇڭفېيدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى » دە رۇڭفېينىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تىزىملانغان، شۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ رۇڭفېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئەندى ئەسلى ھۆججەتنىڭ رېتى بويىچە تۆۋەندىكىچە كۆچۈرۈپ كۆرسىتىمىز : 1) گۆك ( ھەزرەت ) ھۆسەيىن، 2) گۆك توختى

3) تەيجى قاسىم خوجا، 4) تەيجى پەرسا، 5) پەرسانىڭ ئوغۇللىرى بەكرى، ئاق پەتتا، قاۋۇل، نارەسىدە بالىسى ۋەلىقۇل، (نارەسىدە بالىسى) باباق، 6) ھۈسەيىننىڭ خوتۇنى، 7) تۇردىنىڭ خوتۇنى، 8) قاسىم خوجىنىڭ خوتۇنى، 9) قاسىم خوجىنىڭ ئىككى قىزى، 10) رۇقىيەنىڭ ئاچىسى، 11) رۇقىيەنىڭ سىڭلىسى، 12) بەكرى قاتارلىق يىگىتلەرنىڭ خوتۇنى 3 نەپەر، 13) پەرسانىڭ خوتۇنى.

بۇ يەردە «رۇقىيەنىڭ ئاچىسى» ۋە «رۇقىيەنىڭ سىڭلىسى» دېگەن ئىككى ئاتالغۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەگەر رۇقىيە پەرسانىڭ قىزى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا «رۇقىيەنىڭ ئاچىسى» بىلەن «رۇقىيەنىڭ سىڭلىسى» مۇ ئەلۋەتتە پەرسانىڭ قىزى بولاتتى. تىزىملىكتە «پەرسانىڭ ئوغلى» ۋە «پەرسانىڭ خوتۇنى» دەپ كۆرسىتىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ قىزلىرىمۇ ئەلۋەتتە «پەرسانىڭ ئىككى قىزى» دەپ كۆرسىتىلىشى كېرەك ئىدى (مەسىلەن: تىزىملىكتە «قاسىم خوجىنىڭ ئىككى قىزى» دەپ ئاتالغان)، «رۇقىيەنىڭ ئاچىسى» ۋە «رۇقىيەنىڭ سىڭلىسى» دەپ ئاتىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ — ئىككىنچىسى.

تىزىملىكتە «رۇقىيەنىڭ ئاچىسى»، «رۇقىيەنىڭ سىڭلىسى» دەپ ئاتالغان ئىكەن، ئەگەر پەرسا رۇقىيەنىڭ دادىسى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا تىزىملىكتە ئۇنى «رۇقىيەنىڭ دادىسى» دېگەن بولاتتى، شۇنداقلا «پەرسانىڭ خوتۇنى»، «پەرسانىڭ ئوغلى» دېگەندىن ئىبارەت ئۇنداق ئىككى ئاتالغۇمۇ مەيدانغا چىقمىغان بولاتتى، ئۇلارنى «رۇقىيەنىڭ ئانىسى» ۋە «رۇقىيەنىڭ ئىنىسى» دەپ ئاتىشى كېرەك ئىدى، بۇ — ئۈچىنچىسى.

«شاھبانۇ رۇقىيەدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى» دە پەرسانىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئاكىسى ھۈسەيىن، جىيەن نەۋرىسى توختى ۋە جىيەنى قاسىم خوجىلارنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان، ئەگەر پەرسا رۇقىيەنىڭ دادىسى بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ تەۋەررۇكلىرىنى ئېلىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ جىيەن نەۋرىسى ۋە جىيەن ئوغۇللىرىنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇ — تۆتىنچىسى.

تىزىملىكتىكى 20 نەپەر ئائىلە تاۋابىئات ئىچىدە، پەرسانىڭ ئايالى ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلغان. ئەگەر ئۇ رۇقىيەنىڭ ئانىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئايال بۇ چوڭ ئائىلىدە ھەممىدىن ئۈستۈن ھۆرمەتكە سازاۋەر خېنىملاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى، قانداقسىگە ئۇنى تىزىملىكنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويغىلى بولسۇن؟ بۇ — بەشىنچىسى.

ئەگەر پەرسا ئەر - خوتۇن ئىككىسى راستلا رۇقىيەنىڭ ئاتا - ئانىسى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىۋاسىتە ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قىزىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قالغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولۇشتا ئەلۋەتتە باشقا ئۇرۇق - جەمەتلەرگە قارىغاندا كۆپ ئېرىشىشى كېرەك ئىدى، ۋاھالەنكى «شاھبانۇ رۇقىيەدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى» دە خاتىرىلىنىشىچە: ھۆسىيىن «بىردانە ئېسىل ھاسا، بىر قۇتا ناسىۋال، بىر دانە ناسىۋال قۇتىسى، بىر توپ مولون تون زەرتاۋىرى، بىر توپ كۆكتاش رەڭلىك كەڭ ئەن زەرتاۋار، بىر توپ چوڭ ئورام قوڭۇر رەڭلىك شايى، بىر توپ چوڭ ئورام قوڭۇر رەڭلىك شايى، بىر توپ چوڭ ئورام كۆكتاش رەڭلىك شايى» ئالغان. توختى، قاسىم خوجا ۋە پەرسا ئۈچەيلەن ئېرىشكەن نەرسىلەر ئوخشاش بولۇپ، ھۆسىيىنگە قارىغاندا ئۇلار ئىككى توپتىن چوڭ ئورام شايىنى ئاز ئالغان. ئايال تاۋابىئاتلار ئىچىدە، تۇردىنىڭ ئايالى ئالغان نەرسىلەر ئەڭ قىممەتلىك بولغان، يەنى «بىر دانە ئېسىل ھاسا، بىر دانە ناسىۋال قۇتىسى، 200 سەر كۈمۈش، بىر توپ كەڭ ئەن كۆك زەرتاۋار، بىر توپ كۆك رەڭ ئورداۋۇردۇنى» ئالغان، ھۆسىيىننىڭ خوتۇنى «بىر دانە ئېسىل ھاسا، بىر دانە ناسىۋال قۇتىسى، بىر توپ قوڭۇر رەڭلىك كەڭ ئەن زەر تاۋار، بىر توپ كەڭ ئەن ئاق زەر تاۋار، بىر توپ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا خاس ھاۋارەڭ شايى، بىر توپ ھۆكۈمەت خادىملىرىغا خاس كۆكتاش رەڭلىك شايى» ئالغان. پەرسانىڭ خوتۇنى بولسا ئاران «بىر دانە ئېسىل ھاسا، بىر دانە ناسىۋال قۇتىسى، بىر كىيىملىك شاپتۇل چېچەكلىك رەڭلىك دۇردۇن، بىر كىيىملىك ئاق رەڭ دۇردۇن» ئالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېرى يەڭگىلىرى ۋە جىيەن كېلىنلىرىگە قارىغاندا ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئاز بولغان، بۇ — ئالتىنچىسى.

رۇقىيە ئۆلگەن چېغىدا 50 نەچچە ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە ئاچىسى ۋە ئاكىلىرى بولغان، ئۇلار 60 ياشلار ئەتراپىدىكى كىشىلەر بولۇشى كېرەك. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى 80 ياشلار چامىسىدىكى كىشىلەر بولۇشى كېرەك. بىراق «شاھبانۇ رۇقىيەدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىساق، پەرسانىڭ بەش ئوغلىنىڭ ئۈچى «يىگىت» ئىككىسى «نارەسىدە بالا بولۇپ» تېخى رەسمىي بويىغا يېتىپ بولمىغان. شۇنىڭدىن مەلۇمكى، شۇ چاغلاردا پەرسانىڭ يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، 80 ياشلارغا يېتىپ بارمىغان، شۇڭا ئۇكىشى رۇقىيە ۋە ئۇنىڭ ئاچا، ئاكىلىرىنىڭ دادىسى بولالمايدۇ، بۇ — يەتتىنچىسى.

راۋايەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار «ئىپارخان» ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى بېيجىڭگە بىللە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «شاھبانۇ رۇقىيەدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، پەرسانىڭ بەش ئوغلى تېخى كىچىك بولۇپ، 50 نەچچە ياشلاردىكى رۇقىيەغا ئاكا بولالمايدۇ. بۇ — سەككىزىنچىسى.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «شاھبانۇ رۇقىيەدىن قالغان نەرسىلەر تىز

زىملىكى» نىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، پەرسا رۇڭ-
غېيىنىڭ دادىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مىنگونىڭ 6 - يىلىدىكى «يارلىق مەسلى-
ھەتچىسى يۇسۇپنىڭ شياڭفېي مازىرى ۋەخپىسى ھەققىدىكى ئەرزىيىتى» نىڭ با-
يانلىرى، چيەنلۇڭ خان زامانىسىدىكى ئەسلى خاتىرىلەرگە تامامەن ماس كەلمەي-
دۇ، شۇڭا ئۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ.

III

«ئىزدىنىش» نىڭ ئاپتورى ئۆزىمۇ پەرسانىڭ ئاران 3 - دەرىجىلىك تەيجى
ئىكەنلىكىنى، ئاكىسى فۇگوگۇڭ ھۇسېيىن، جىيەنى فۇگوگۇڭ تۇردى ۋە بىرىنچى دەرى-
جىلىك تەيجى مامۇتلاردىن دەرىجىسى كۆپ تۆۋەن بولۇپ، خانىنىڭ شاھبا نۇسىغا
دادا بولۇشتەك سالاپىتىگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆز ماقالىسىدا قىسمەن «تولۇقلاش» لارنى ئېلىپ بېرىپ، پەرسانىڭ جىيەنى جېن-
گوگۇڭ قاسىم خوجا «كېيىنچە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلانغان-
دا، ئۇنىڭ جېنگوگۇڭلۇق دەرىجىسىگە مامۇتنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەيجى ئوغلى
ئەمەس، بەلكى پەرسانىڭ 3 - دەرىجىلىك تەيجى ئوغلى باباق ۋارىسلىق قىلغان» لىقى
خاقانىنىڭ پەرسا ئائىلىسىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېگەن.

ئاپتور «ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» نىڭ 12 - جىلدىكى بىر
ئابزاس سۆزنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدۇ، بىراق ئۇياقنىڭ بايانلىرى ئەسلى نۇسخىدىن
بەك چەتنەپ كەتكەن. ئۇ كىتابتا ئەسلى مۇنداق دېيىلگەن: يۇسۇپ خوجىنىڭ تۆت
ئوغلى بولغان، ... «3 - سى ھۇسېيىن، ئەسلى فۇگوگۇڭ بولغان، قازا تاپتى؛
ئوغلى قاسىم خوجا گۇڭلۇققا ۋارىس بولغان، گۇنا ئۆتكۈزگەنلىكتىن مەنسىپىدىن
ئېلىنىپ، كۆك پۆپەكلىك ياساۋۇل ئۇنۋانى بېرىلگەن، يەنە گۇنا ئۆتكۈزگەنلىكى
ئۈچۈن، مەنسىپىدىن ئېلىنىپ قۇش سۈرەت تەلپەكلىك تورغاقلىققا چۈشۈرۈلگەن؛
ئوغلى خوجا ئەخمەت ھازىر پايتەختتە؛ 4 - سى پەرسا، ئوغلى باباق خوجا ھازىر
گۇڭلۇققا ۋارىس، ئوغلى خوجا ئەلى». ئەسلى نۇسخىدا پەقەت قاسىم خوجىنىڭ گۇنا
ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن گۇڭجۇ ئۇنۋانىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ياساۋۇل قىلىنغانلىقلا
بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۇڭجۆلىك ئورنىغا باشقىلار ۋارىسلىق قىلغانلىقى
تىلغا ئېلىنمىغان. ئەسلى نۇسخىدا پەرسانىڭ ئوغلى باباق گۇڭلۇققا ۋارىس بولدى
دېيىلگەن، بۇ خۇددى ھۇسېيىننىڭ ئوغلى قاسىم خوجا دادىسىنىڭ گۇڭلۇق ئورنىغا
ۋارىس بولغىنىدەك، بالا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولغان، ھەرگىزمۇ باباق بىرنەۋرە ئاكىسى
قاسىم خوجىنىڭ جېنگوگۇڭلۇق ئورنىغا ۋارىس بولدى، دېيىلمىگەن. ئاپتورنىڭ بىر-
دىن بىر ئاساسى بەلكىم «ئوغلى باباق خوجا ھازىر گۇڭلۇققا ۋارىس دېگەن جۈمە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىدىكى «گۈك» سۆزى بولسا كېرەك. لېكىن پەقەت ئاشۇ بىر «گۈك» سۆزىگىلا تايىنىپ، ئۇنى قانداقمۇ قاسىم خوجىنىڭ ئېلىپ تاشلانغان چېنگوگۈكلۈق ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلدى، دەپ كۆرسەتكىلى بولسۇن؟ «ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» 6 - جىلدىدا «باباق خوجا، پەرسانىڭ ئوغلى، چيەنلۇڭ خانىنىڭ 55 - يىلى 3 - دەرىجىلىك تەيجىلىككە ۋارىس بولغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، باباقنىڭ ۋارىسلىق قىلىغىنى ئۆز دادىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك تەيجى ئۇنۋانى بولۇپ، گۈك ئەمەس، 12-جىلدىدىكى «گۈك» سۆزى خاتا ھالدا «جۆ» سۆزىنىڭ ئورنىغا بېسىلىپ قالغان. دېمىسىمۇ «ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» تا خاتا بېسىلغان سۆزلەر خېلى كۆپ ئىكەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئىزدىنىش» نىڭ پەرسانىڭ جېنگوگۈكلۈققا ۋارىس بولغان دېيىشىدە ھېچقانداق ئەمەلىي ئىسپات يوق، بەلكى ئۇ ئاساسەن «پەرەز» دىنلا ئىبارەت. بۇنداق پەرەز بىلەن پەرسا «ئىپارخان» نىڭ ئۆز ئاتىسى دەپ ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس.

IV

بىر مۇنچە ماتېرىياللاردا ئوخشاشلا «ئىپارخان» ئاكىسى بىلەن بىللە بېيجىڭگە كەلگەن دېيىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاكىسى كىم؟ «خانلىققا تەۋە قەۋملەرنىڭ شەجەرىسى» بىلەن «ئۇيغۇرلار رايونى ھەققىدە ئومۇمىي تەپسىرات» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «ئىپارخان» بىلەن تەڭ دېمەتلىك ھەم بېيجىڭگە كۆچۈپ كەلگەنلەر ماموت بىلەن تۇردى ئىكەنكىلەن. قەشقەر شەھىرىدىكى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدا «ئىپارخان» نىڭ ئاكىسىنىڭ خەنزۇچە ئىسمى «تۇردى گۈك» ئىدى، دېيىلىدۇ، «ئىزدىنىش» نىڭ ئاپتورىمۇ «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى راۋايەتلەردە ‹ئىپارخان› نىڭ ئاكىسى — تۇردى دېيىلىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

«ئىپارخان ھەققىدە يېڭىدىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار» دېگەن ماقالامدا، ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى خان سارىيى ئارخىپىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، تۇردى — «ئىپارخان» نىڭ ئاكىسى دەپ چۈشەندۈرگەن ئىدىم. ئەندى يەنە خان سارىيىدىكى ئەسلى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاپ ئۆتمەكچىمەن.

ئەسلىدە، تۇردى تاغىسى ھۇسەيىن قاتارلىقلار بىلەن بىللە بېيجىڭ غەربىي چاڭئەن قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. لېكىن چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى (مىلادى 1760 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مۇشاۋۇر فۇخېڭ يەنە خاننىڭ يارلىقى بويىچە، تۇردىغا 22 ئېغىز ھۇجرىلىق بىر قورو جاي ۋە 500 سەر كۈمۈش خاس ھەدىيە قىلغان، شۇنداقلا يەنە ھەر ئايلىقىغا نورمىدىن تاشقىرى

20 - سەركۇمۇش (ئۆز ئايلىقىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق) بېرىپ تۇرغان. شۇڭا، مەن ئاشۇ ماقالەمدە: «نېمە ئۈچۈن بۇ ئائىلىدىكى تۇردىغا شۇنچە ئېتىبار قىلىنىدىغان بولۇپ قالغان؟» «بۇ بەلكىم 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن بۇرۇنقى 2 - ئايدا، تۇردى ئۆزىنىڭ سىڭلىسى «ئىپارخان»نى خان سارىيىغا تارتۇق قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك» دەپ يازغان ئىدىم.

«ئىپارخان» چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 12 - ئايدا «رۇڭپىن» (ساھىپجامال توقال خانىش) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. يىل يېڭىلانغاندا، تۇردى 1 - دەرىجىلىك تەيجىلىكتىن «فۇگوگۇڭلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ». كۆرۈنۈشتە «قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش جېڭىدە خىزمەت كۆرسەتكەن»لىكى سەۋەب قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ قېتىمقى جەڭنىڭ رەھبىرى ھوسبېيىن ئىدى، ماھۇتنىڭ ئىلگىرى - كېيىن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمۇ تۇردىدىن كۆپ ئىدى، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆستۈرمەي، پەقەت تۇردىنىلا ئۆستۈرىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاساسلىقى ئۇنىڭ سىڭلىسى «توقال خانىش» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدە، تۇردى دائىم خاننىڭ ئالاھىدە ئىنئاملىرىغا مۇيەسسەر بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، خان ۋاڭ - گوڭ، ۋەزىرلەرگە چاي ئىنئام قىلغان چېغىدا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن پەقەت تۇردىلا «ئىككى قۇتا ياڭشىيەن چېيى»غا ئېرىشكەن، ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ئاران 1 - دەرىجىلىك تەيجى ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلىدىن كېيىن، ھەر يىلى چاي ئىنئام قىلىش ۋاقتىدىلا ھوسبېيىن قوشۇلۇپ تۇردى بىلەن بىللە ئىنئام ئالىدىغان بولغان (چيەنلۇڭنىڭ 17 - يىلىدىن 39 - يىلىغىچە ئورۇندىدىكى «مۇكاپات ۋە ئىنئام كۆتەك دەپتىرى»). خان ھەر يىلى خانىش — شاھبانۇلار ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى يېقىنلىرىغا قىممەتلىك مېۋە - چېۋىلەرنى ئىنئام قىلىپ بەرگەن، «ئىپارخان» دىن باشقا، شۇ ئائىلىدىن ئاران بىرلا تۇردى ئىنئامغا ئېرىشەلىگەن. مەسىلەن: 26 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قوغۇن ئىنئام قىلىنغان، 27 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاتلىق لىجىز ئىنئام قىلىنغان، 28 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تاتلىق لىجىز ئىنئام قىلىنغان. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قوغۇن ئىنئام قىلىنغان، 29 - يىلى 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاتلىق لىجىز ئىنئام قىلىنغان، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قوغۇن ئىنئام قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى شۇنداق بولىۋەرگەن. بۇ نەرسىلەرگە ھوسبېيىن ۋە پەرسالار ئېرىشەلمىگەن (چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلىدىن 44 - يىلىغىچە «قوغۇن، تاتلىق لىجىز كۆتەك دەپتىرى»). تۇردى ئۆلۈپ بىر قانچە يىللارغىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاكى ئىپارخان ئۆلگىچىمۇ، تۇردىنىڭ خوتۇنى نورمىدىن تاشقىرى 200 سەركۇمۇش ئىنئامغا ئېرىشىپ تۇرغان («شاھبانۇرۇڭفېيدىن قالغان نەرسىلەر تىزىملىكى»).

چيەنلۇڭ خاننىڭ تۇردىغا مۇنچىۋالا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشى — ئۇنىڭ «ئىپارخان» نىڭ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۇردى رۇڭفېينىڭ («ئىپارخان» نىڭ) ئاكىسى بولغان ئىكەن، ئۇ چاغدا «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «غەربىي رايون ھەققىدىكى ماقالە - قىسسىلەر» دە روشەن قىلىپ، «تۇردىنىڭ دادىسى ئەلى خوجا» دەپ خاتىرىلەنگەندەك، «ئىپارخان» نىڭ دادىسىمۇ ئەلى خوجا بولىدۇ.

ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى

(«مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى)

# ئىپارخاننىڭ پائالىيەتلىرىنى ئىسپاتلايدىغان يېڭى ئىزلار تېپىلدى

چىڭ سۇلالىسى دۇڭلىڭ خان قەبرىستانلىقىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى
مۇھاپىزەت - قىلىش باشقۇرۇش ئورنى

شىنجاڭ قەشقەردىكى «ئىپارخان قەبرىسى» ھەشەمەتلىك، داڭدار بىنا بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىپارخاننىڭ ئۆز قەبرىسى بولماستىن، تەقلىد قىلىپ ياسالغان بىنا، خېبېي ئۆلكىسىدىكى چىڭ سۇلالىسىغا خاس دۇڭلىڭ خان قەبرىستانلىقىدىكى (ساھىبجامال كىچىك خانىش) رۇڭفېي قەۋرىسى — دەل راۋايەتلەردىكى ئىپارخاننىڭ قەبرىسىدۇر. رۇڭفېي — ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ كىچىك خانىش ۋە توقال خانىشلىرى ئىچىدە ھېچقانچە داڭدار شەخس ئەمەس ئىدى، بىراق بەزىبىر بىمەنە ئەدىبلەر قەلەم ئويىنىتىپ، ئادەتتىكى بىر شاھىبانۇنى ئاجايىپ سىرلىق قىلىپ يېزىشىپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇنى چىڭ سۇلالىسىدىكى ناھايىتى سىرلىق بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئىپارخان چيەنلۇڭ خاننىڭ كىچىك خانىشى ئىكەنلىكى نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن، رۇڭفېينىڭ ئېتىقادى، ۋاپات بولغان يىلى ۋە دەپنە قىلىنغان جايى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخىچە مۇھاكىمە قىلىنماقتا. يېقىندا تەبىئىي ۋە سۇنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، رۇڭفېي قەبرىسى ئالدىدىكى تاش پەلەمپەي ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ گۆرى ئېچىلىپ قالغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن بىز رۇڭفېينىڭ خۇددى يەر ئاستى ئوردىدەك ئىشلەنگەن قەبرىسىگە چۈشۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇق. رۇڭفېي قەبرىسى گەرچە بىر قانچە قېتىم قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن يەر ئاستى ئوردىسىمان قەبرىدە ساقلىنىپ قالغان يىرتىق كىيىم-كېچەكلەر، تاۋۇت، يازما ماتېرىياللارغا ئوخشاش نەرسىلەر بىزنى رۇڭفېينى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەم ئۇچرايدىغان يېڭى دەلىل — ئىسپاتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

## رۇڭفېي چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى ئۆلگەن

رۇڭفېينىڭ ئۆلگەن يىلىنى بەزىلەر چيەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى (مىلادى 1763 - يىلى) دېسە، بەزىلەر چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (مىلادى 1788 - يىلى) دەيدۇ.

بىز ئىگەللىگەن ماتېرىياللار ۋە رۇڭفېي قەبرىسىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىمىزگە ئاساسەن، رۇڭفېينىڭ چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى ئۆلگەنلىكى ئىشەنچلىك دەپ تونۇدۇق.

«چاك رۇيشەننىڭ ئۆمۈر ئۇزۇن كۆرگەنلىكى ھەققىدە ئومۇمىي قىسسە» ۋە «خان قەۋرىستانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» دېگەن خان جەمەتىگە ئائىت ئىككى پارچە كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، «رۇڭفېي 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قازا تاپقان، چيەنلۇڭنىڭ 58 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دەپنە قىلىنغان». «چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتى شەجەرىسى IV» دېگەن كىتابتىمۇ رۇڭفېي «53 - يىلى يەنى مايمۇن يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى - قازا تاپقان» دەپ ناھايىتى ئېنىق پۈتۈلگەن.

رۇڭفېينىڭ قەبرىسىدە ئىككى پارچە توقۇلمىبېزەك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىنىڭ بۇرجىكىدە «جياڭنىڭ توقۇمىچىلىق بېگى چىڭ شەن» دېگەن سۆز بار ئىكەن، ئىللا سۈرەتلىك يوشۇرۇن گۈل چۈشۈرۈلگەن يەنە بىر ئەترەك تاۋارنىڭ بۇرجىكىدە «سۇجۇ توقۇمىچىلىق بېگى سىدې» دېگەن سۆز بار ئىكەن. ئارخىپلاردا خاتىرىلىنىشىچە، چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى جياڭنىڭدا توقۇمىچىلىق بېگى بولۇپ ئىشلىگۈچى دەل چىڭ شەن ئىكەن. چيەنلۇڭنىڭ 49 - يىلى سىدې خىزمىتى ئۆزگىرىپ سۇجۇغا توقۇمىچىلىق بېگى بولغان. سىدې سۇجۇغا توقۇمىچىلىق بېگى بولغان مەزگىللەردە، پەقەت چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلىلا ئوردىغا 30 پارچىغا يېقىن ھالىنامە، پۈتكەن ئىشلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى، ھاۋارايى خاتىرىسىگە ئوخشاشلارنى يوللىغان. رۇڭفېي قەبرىسىدىن چىققان بۇ توقۇلمىلار دەل چىڭ شەن، سىدېلار توقۇمىچىلىق بېگى بولغان چاغلاردا ئوردىغا سوغات قىلىنغان بۇيۇملاردۇر.

قەبرىدىن يەنە يىپ بىلەن بوغۇلغان بىر ئۆرۈم چاچ تېپىلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 85 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئىنچىكە سېرىق ئۆرۈم چاچ ئارىسىغا چارباش كىشىنىڭ چېچى ئارىلاشقان. رۇڭفېينىڭ يېشى 55 تە بولۇپ، بۇ ئۆرۈم چاچ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن چېغىدىكى يېشى بىلەن دەل ماس كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، رۇڭفېي چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى ئۆلگەن، دەپ قارىغانلىقىمىز شەك - شۈبھىسىز توغرا.

## ئىپارخان چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۇڭلىڭ خان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان

رۇڭفېي قەبرىسى خېبېي ئۆلكىسىدىكى چىڭ سۇلالىسىغا خاس دۇڭلىڭ خان قەبرىستانلىقىنىڭ خانىش، شاھبانۇلار قەبرىگاھى (يەنى ئېسىل مەلىكە شاھبانۇ چۈن خۇيىنىڭ قەبرىگاھى) ئىچىگە جايلاشقان. بۇ يەردە چيەنلۇڭ خانىنىڭ بىر خانىشى، خانىنىڭ ئېسىل مەلىكە شاھبانۇسىدىن ئىككى كىشى، ئېسىل شاھبانۇدىن 5 كىشى،

شاھبانۇدىن 6 كىشى، تۇقال خانىشتىن 6 كىشى، كېنىزەكتىن 12 كىشى، چۆرەقىزدىن
4كىشى، جەمئىي 36 كىشى دەپنە قىلىنغان . ئۇلار ئىچىدە خانىش ئورلانارا بىلەن ئېسىل
مەلىكە شاھبانۇ چۇن خۇي مىڭلۇ راۋىقىنىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ
گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنغاندىن باشقا، شاھبانۇ، تۇقال خانىشقا ئوخشاشلارغا
بىردىن گۈمبەز قاتۇرۇلۇپ، جەمئىي 34 كىچىك گۈمبەزگە
دەپنە قىلىنغان. ئالدىنقى ئىككىنچى قۇرنىڭ شەرق تەرىپىدىن سانىغاندا،
بىرىنچى گۈمبەز دەل رۇڭفېينىڭ قەبرىسى .

ئارخىپلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، رۇڭفېينىڭ دەپنە مۇراسىمى چيەن-
لۇڭنىڭ 42 - يىلى شۇفېي ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن دەپنە مۇراسىمغا ئوخشاش بول-
غان. چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلىدىن شۇەنتوڭنىڭ 3 - يىلىغىچە، رۇڭفېينىڭ ئەرۋاھ
تەزىيە تاختىسى ئېسىل مەلىكە شاھبانۇ چۇن خۇيىنىڭ قەبرىگاھىدىكى قەسرىنىڭ شەرقىي
راۋىقىغا ، چيچەن ئېسىل شاھبانۇدىن قالسىلا 2 - ئورۇنغا قويۇلغان. دۇڭلىڭ
خان قەبرىستانلىقىنىڭ شەيخلىرى 123 يىللىق ئۇزۇن تارىخىي يىللار جەر-
يانىدا ، ئۆز ۋاقتىدا، قائىدە- يوسۇن بويىچە ئىسرىق سېلىپ نەزىر - چىراق قىلىپ
تۇرغان ، بۇ قېتىم رۇڭفېي قەبرىسىدىن باش سۆڭىكى، بەدەن سۆڭەكلىرى، چىش،
تىرناق، ئۆرۈم چاچ ۋە تاۋۇت ياغىچى، كىيىم - كېچەك پارچىلىرىغا ئوخشاش
نەرسىلەر تېپىلدى ، بۇلار رۇڭفېينىڭ چىڭ سۇلالىسى دۇڭلىڭ خان قەبرىستان-
لىقىغا دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۆۋەتتە، رۇڭفېي قەبرىسى رېمونت قىلىنماقتا، يېقىن كەلگۈسىدە ساياھەت-
چىلەرنى كۈتۈۋالماقچى . جاي - جايلاردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر رۇڭفېي قەب-
رىسىنى سەيلە قىلىپ ، رۇڭفېي ھەققىدىكى بىرمۇنچە راۋايەتلەرنى ئاڭلىغۇسى.

ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى

(«گۇاڭمىڭ رىباۋ» گېزىتىدىن ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىپارخان قەبرىسى توغرىسىدىكى گۇمانلار

## — قەدىمدىن قالغان «ئىپارخان قەبرىسى» توغرىسىدىكى سىر ئېچىلدى

شى موجۇاڭ

سىز ئىپارخان ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مۇنداق: چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ خان يىللىرىدا، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەم، ئەقىللىق ھەم گۈزەل بىر قىز بولۇپ، چيەنلۇڭ خان ئۇنى بېيجىڭگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئارقا ئوردىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى توقال خانىشلىققا ئۆستۈرگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ «تۇغۇلغان چېغىدىلا بەدىنىدىن خۇشپۇراق چىقىپ تۇرىدىغان» ساھىبجامال ئىكەنمىش دەپ تەسۋىرلىنىپ ۋە راۋايەت قىلىنىپ كەلگەن. 200 يىلدىن بۇيان، ئىپارخاننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلمەكتە، ھەتتا رومان، سەھنە ئەسەرلىرى ئۇچۇن تېما بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى خۇددى قارا بۇلۇت ۋە تۇمانلار ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئەسلى قىياپىتىنى بىلىش قىيىن بولۇپ قالغان ئۇشەن تېغىغا ئوخشاش بولۇپ، ئەسلى قىياپىتىنى بىلىش قىيىن بولۇپ قالغان لۇشەن تېغىغا ئوخشاش قىلىنغان ئورۇن ئىدى. ئەقەللىسى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان ئورۇن «ئىپارخان قەبرىسى» مۇ بىر قانچە جايدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان بىر گۇمانلىق ئەنزىگە ئايلىنىپ قالغان.

### 1. ئىپارخاننىڭ قەۋرىسى قەيەردە؟

«گىيالار ئۆتەر ساغىرىپ زەپىران بولۇپ، يىللار ئۆتەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ» شىنجاڭنىڭ قەشقەر شەھەر ئەتراپىدا مەنزىرىسى گۈزەل، دەل - دەرەخلىرى ياپيېشىل، باغۇ بوستانلىق بىر جاي بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمكى مىللىي ئۇسلۇپتىكى بىر قۇرۇلۇش — چاسا شەكىللىك بىر گۈمبەز قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېشىل نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، ساپال سىرى بىلەن سىرلانغان تۆۋرۈك ئارىلىقلىرى ئاق رەڭدىكى نەپىس سىگىر تاش بىلەن زىننەتلەنگەن، مانا بۇ مەشھۇر مۇسۇلمانچە قەبرە «ئاپپاق خوجا قەبرىسى» دۇر. راۋايەتلەردە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چيەنلۇڭ خاننىڭ خانىشى ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «ئىپارخان قەبرىسى» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن ھەمدە ئىپارخان ھايات ۋاقتىدا دائىم ئانىسىنى سېغىنىپ تۇرغاچقا، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئانىسى بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنغان، دېگەنگە ئوخشاش سۆز - چۆچەكلەر تارقالغان. بۇ، كۆركەم ھەم ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ، سانسىزلىغان مېھمانلار بۇيەرگە كېلىپ زىيارەت قىلىدۇ ۋە دۇئا - تىلاۋەت قىلىشىدۇ، بۇ

قۇرۇلۇش كىشىلەردە ھەيران قالارلىق چەكسىز خىياللارنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىتىدۇ.

لېكىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرگەندە، شىنجاڭدىكى بۇ «ئىپارخان قەبرىسى» توغرىلىق ھېچقانداق خاتىرە يېزىلمىغان. تارىخىي كىتابلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىپارخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رۇڭفېي (ساھىبجامال كىچىك خانىش) دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن، دېگەن رىۋايەتلەر تارقالغان. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى، كىچىك خانىشلار تەزكىرىسى» دە: كىچىك ئىپارخان خوجا نەسەبىدىن بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلاردىن بولغان «تەيجى خوجامنىڭ قىزى» ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلغان. بۇ پەقەت رۇڭفېيلا چيەنلۇڭ خانىنىڭ بىردىنبىر ئۇيغۇر خانىشى ئىكەنلىكىنى، رىۋايەتلەردىكى ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىپارخان بولسا، ئەملىيەتتە يەنىلا رەسمىي تارىخىي ماتېرىياللاردىكى روڭفېي (ساھىپجامال كىچىك خانىش) ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا روڭفېي قەبرىسى يەنە كىشىلەر ئېيتىپ كېلىۋاتقان باشقا بىر «ئىپارخان قەبرىسى» بولۇپ قالغان. بۇ قەبرە ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ياپپېشىللىققا چۆمگەن چاڭزۇيشەن تېغى ئېتىكىدىكى كۆلىمى زور بولغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىغا ياسالغان.

ئىككى ئىپارخان قەبرىسىنىڭ بىرى غەربتە، بىرى شەرقتە بولۇپ، ئىپارخاننىڭ جەسىتى زادى قايەرگە دەپنە قىلىنغان؟ يېقىندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرگۈچى كەسپىي خادىملار ئىپارخاننىڭ قەبرىسىنى ئەستايىدىل رەتلەپ چىقتى. قەبرىنىڭ ئىچىدىن يەر ئاستى يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە قېزىۋېلىنىشى بىلەن، ئاخىرى ئىپارخان قەبرىسىنىڭ راست - يالغان ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلىشتا ئىشەنچلىك ئەملىي پاكىتلارغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىپارخاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئەملىي قىياپىتىمۇ تولۇق ئاشكارىلاندى.

## 2. رۇڭفېي قەبرىسىنى ئېچىش

شەرقىي قەبرىستانلىق ئىچىدىكى چيەنلۇڭ خانىنىڭ يۈيلىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىدە ياپپېشىل قارىغايلار بىلەن ئورالغان كاتتا بىر قورا بولۇپ، ئۇ، چيەنلۇڭ خانىنىڭ كىچىك خانىشلىرى قەبرىستانلىقى. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ ئىچىدە ئوردا دەرۋازىسى، ئىبادەتخانا، تولۇن ئاي راۋىقى، تەخت سۇپىسى قاتارلىق مۇھىم قۇرۇلۇشلار بولۇپ، ھالقا شەكىللىك بۇ تەخت سۇپىسىنىڭ ئىچىگە چيەنلۇڭ خانىنىڭ ، 36 خانىشى، كېنىزەكى دەپنە قىلىنغان، بۇ قەبرىلەر شەرقتىن غەربكە قارىتىپ بەش رەت قويۇلغان. ئىككىنچى رەتنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىرىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نومۇرلۇق قەبرە دەل كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن رۇگفېينىڭ قەبرىسى. رىۋايەتلەردىكى چيەنلۇڭ خانىنىڭ خانىشى ئىپارخان دەل رۇگفېي ئىكەنلىكى قىياس قىلىنىپ كەلگەچكە، چيەنلۇڭ خانىنىڭ كىچىك خانىشلار قەبرىستانلىقىنى رەتلەپ ئادالاش داۋامىدا، رۇگفېينىڭ بۇ قەبرىسى كىشىلەرنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى ۋە قىزىقىشىنى قوزغىدى.

رۇگفېينىڭ قەبرىسى ئاز كەم 5 مېتر ئېگىزلىكتىكى يۇملاق شەكىللىك گۈمبەز بولۇپ، ئۇ، ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇنىڭ تېگىدە تاشتىن ياسالغان قەبرە ئۆيىدىن تەركىب تاپقان يەر ئاستى ئوردا بار. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قەبرىنىڭ ئالدىدىكى تاشتا تۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر سالغاندا، قەبرە ئۆيلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان سۇ بىلەن تولۇپ قالغانلىقىنى، سۇنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، يەر ئاستى ئوردىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ، تاملىرىغا نەقىش ئويۇلغان يەر ئاستى ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، ئىككى ئەگمە تاشتىن ياسالغان «T» شەكىللىك قەبرە ئۆيى، ئارقا ئۆيدىكى تەخت سۇپىسىغا قويۇلغان رۇگفېينىڭ قىزىل سىرلانغان تاۋۇت ساندۇقى كۆرۈنىدۇ. قەبرىنىڭ شەكلى، ياسىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا، رۇگفېينىڭ قەبرىسى باشقا خانىشلارنىڭ قەبرىسى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. قەبرىدىكى تاۋۇت ساندۇقىدىن رەتلىۋېلىنغان كىيىم - كېچەك، يىمەك - ئىچمەك قاتارلىق يادىكارلىقلاردىن گۈل چېكىلگەن پادىشا تونى، كۆك تاۋاردىن تىكىلگەن باش كىيىم، ھەر خىل رەڭلىك گۆھەر مۇشۇك كۆز تاش (قىممەت باھالىق تاش - ت)، مەرۋايىت، قولاقتا سالىدىغان ھالقا قاتارلىق بۇيۇملار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپارخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مەرتىۋىسى ۋە ئوردىدا ئىنئام قىلىنغان مەنپەئەتى بىلەن ماس كېلىدۇ.

تاۋۇت ساندۇقىنىڭ باش تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان بىر نەچچە قۇر خەت بولۇپ، بۇنىڭ «ئاللانىڭ نامى بىلەن» دېگەن مەنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، تاۋۇت ساندۇقىنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان قۇرئان يېزىقىدىكى خەتلەر رۇگفېي ھايات ۋاقتىدا ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتى ئىكەنلىكىنى، رۇگفېينىڭ ئۇيغۇرلار جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى ئىشەنچلىك ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ، رۇگفېي (ساھىبجامال خانىش) دەل چيەنلۇڭ خانىنىڭ بىردىنبىر ئۇيغۇر خانىشى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۇيغۇر ئىپارخاننىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن ماس كېلىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى، رۇگفېي بىلەن ئىپارخان بىر ئادەم دېگەن تارىخىي ئەقلىي يەكۈن ئاخىرى كۈچلۈك ھەقىقىي ئىسپاتقا ئېرىشتى.

تاۋۇت ساندۇقىدىكى رۇقىييىنىڭ جەسەتى تەلتۆكۈس چىرىپ كەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرى تېخىچە ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان باش سۆڭىكىنى كۆزەتكەندە، مېڭە قاپقىقى چاسا، ماڭلىيى پەس بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئوخشاش خۇسۇسىيەت ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تېرىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلسە، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەل قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەن چىشلىرى، چىش ئوقۇرلىرىنىڭ زىچلىقى ھەمدە ساقلىنىپ قالغان بىر ئۆرۈم بوزارغان چېچىدىن قارىغاندا، ئىپارخان ئۆلگەن ۋاقتىدا يېشى 50 دىن ئاشقان ئىكەن.

كۆپ يىللاردىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن «ئىپارخان قەبرىسى» نىڭ راستى ياكى يالغان ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سىر ئاخىر ئېچىلدى، ھازىرقى زاماندا تارقىلىپ يۈرگەن ئىپارخان بولسا، يەنىلا رەسمىي تارىخلاردا يېزىلغان رۇقىيىي (ساھىبجامال كىچىك خانىش) نىڭ ئۆزى بولۇپ، رۇقىيىينىڭ قەبرىسىلا بىردىنبىر «ئىپارخان قەبرىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىپارخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى ئانىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنغان دېگەن سۆز-چۆچەكلەر ھېچقانداق ھەقىقىي دەلىل ئىسپاتى بولمىغان ئەپسانىلاردىن ئىبارەت.

### 3. ئىپارخاننىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

راۋايەتلەردىكى ئىپارخان ھېكايىلىرىدە ۋەقەلىك ئەگرى-توقاي ۋە مۇرەككەپ، ھەتتا ئۇ دەرد-ئەلەمگە چىدىماي بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان پاجىئەلىك شەخسكە ئايلىنىپ قالغان. ئۇنداق بولسا، ئىپارخاننىڭ تارىختىكى ھەقىقىي قىياپىتى قانداق ئىدى؟ ھازىر ئۇنىڭ ئېنىقتۇ تۇمانلىرىنى سۈزۈلدۈرۈش پەيتى يېتىپ كەلدى.

تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، ئىپارخان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا رۇقىيىي (ساھىبجامال كىچىك خانىش) دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. ئۇ يۇڭجېڭنىڭ 12-يىلى (1734-يىلى) تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە يەركەندە تۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 20-يىللىرىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلاردىن بولغان خوجا جاھان ئاكا-ئۇكا ئىككىسى چوڭ خاندانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ، فېئوداللىق بۆلۈنۈش (割据) تۈزۈمىنى يولغا قويغان، ئىپارخان ئائىلىسى ۋە ئۇنىڭ باشقا جەمەتلىرى توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقىغا بويسۇنماي، ئۇلارنىڭ دۆلەتنى پارچىلاشتەك قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلى رايونىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. چيەنلۇڭنىڭ 23-يىلى ئىپارخاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۇرۇشىدا خىزمەت

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، بېيجىڭگە ئالدۇرۇپ كېلىنگەن ھەمدە خانىشا بەيئەت قىلغان. ئىپارخان ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە ئاكىسى بىلەن بىللە بېيجىڭگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، چيەنلۇڭنىڭ 25-يىللىرى چيەنلۇڭ خان ئۇنى ئارقا ئوردىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، لېكىن، راۋايەتلەردە ئىپارخاننىڭ ئوردىغا كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي پاكىت بۇرمىلىنىپ، ئىپارخان توپىلاڭچىلار گۇرۇھىدىكى ئايال ئىدى، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەنلىكتىن ئوردىغا سوغا قىلىنغان، دېيىلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىپارخان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك ھەققانىي ھەرىكىتى تامامەن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلىپ، تارىخىي ئويدۇرما پەيدا قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئارخىپلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئىپارخان ئوردىغا كىرگەن دىسلەپكى مەزگىلدە «ئىپسىلزادە» دەپ ئاتالغان، ئۇ شۇ ۋاقىتتا 26 ياش بولۇپ، 3 يىلدىن كېيىن «پىن» (توقال خانىش) لىققا ئۆستۈرۈلگەن، 35 ياشقا كىرگەندە يەنە كىچىك خانىشلىققا ئۆستۈرۈلگەن، چيەنلۇڭ خان جەنۇب ۋە شەرققە سەپەر قىلغاندا دائىم ئۇنى بىرگە ئېلىپ ماڭغان ھەمدە ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم ئىنئام بەرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوردا ئارخىپىغا يېزىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 53-يىلى ئىپارخان ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ 55 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. بۇ، قەبرىدىكى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىدىن بايقىلىنغان ياش قورامى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، راۋايەتلەردىكى ھېكايىلەردە ئىپارخان توپىلاڭچىلار باشلىقىنىڭ كىچىك خوتۇنى بولۇپ، ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، خانغا ئاسىيلىق قىلغانلارغا سادىق بولۇش يولىدا تىز پۈكمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ياكى بېشىنى تامغا ئۇرۇپ ئۆلگەن، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇلار تارىخىي كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئىپارخاننىڭ قەبرىسىدىن چىققان ھېچقانداق كېسەل ئالامىتى بولمىغان قالدۇق سۆڭەكلىرىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىپارخاننىڭ ئوردىدا كاتتا ھۆرمەت-ئىلتىپاتلارغا مۇيەسسەر بولۇشى چيەنلۇڭ خاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چىڭ خاندانلىقىنىڭ مىللىي سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چيەنلۇڭ خاننىڭ كىچىك خانىشلىرى ئىچىدە موڭغۇل، خەنزۇ، مەنزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردىن بار ئىدى. بۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن نىكاللىنىش ئارقىلىق، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى. چيەنلۇڭ خاننىڭ ئىپارخاننىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ دەل ئىپارخان

جەمەتىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

قىسقىسى، ئىپارخان ئائىلىسىدىكىلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن. ئىپارخان ئوردىدا 28 يىل ھايات كەچۈرگەن بولۇپ، تۇرمۇش جەھەتتە يۇقىرى تەمىناتقا ئىگە بولغان. ئىپارخاننىڭ ھاياتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ئەسلىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە تارىخىي داستان بولۇشى كېرەك، مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىپارخاننىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش — ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىپارخان «تۇغۇلغان چاغدىلا ئۇنىڭ بەدىنىدە خۇش پۇراق بولغان» دېگەن رىۋايەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىدىن بۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئامال بولمىدى، لېكىن، ھازىرقى زامان ئادەم تېنى فىزىئولوگىيە بىلىملىرى بىزگە ئادەم بەدىنىدىكى تەر بەزلىرى ۋە ياغ بەزلىرىدىن ئاجرىلىپ چىققان ماددىلاردا ھەقىقەتەن بىر خىل ئالاھىدە پۇراق بارلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسەن شۇنىڭدىكى ئازوت ماددىلىرىنىڭ چىرىشىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ «خۇش پۇراق» لىق ئۈنۈمى يوقلۇقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىپارخان دېگەن بۇ ئىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ساھىبجامال قىزلىقىغا بەرگەن ئەركىلەتمە نام ئىكەنلىكى، ياكى ئۇنىڭ دائىم ئۇپا - ئەڭلىكلەرنى سۈرتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

مەتىمىن ھاشىم تەرجىمىسى

يۇقىرىقىلاردا، ھەم ئىپارخان ھەققىدىكى تارىخىي ئەھۋال توغرا ئىزاھلانمىغان، ھەم ئۇچتۇرپان، باي، سايرام خەلقلىرىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى توغرا ئىزاھلانمىغان.

بۇ يەردە مەن يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىدىكى مۇجمەل چۈشەنچىلەر ۋە تارىخىي ئۇقۇشماسلىقنى كىتابخانلارنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىت بىلەن ، بۇ ئىككى مەسىلىگە ئائىت بەزى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ھەمدە ئۇنىڭ بەزى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

مىلادىنىڭ 1644- يىلى جۇڭگودا مىڭ سۇلالىسى[4] نىڭ ئورنىغا مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن چىڭ سۇلالىسى (ئالىجاناپ، پاك سۇلالە دېگەن مەنىدە) قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ پادىشاھى مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى شۇنجى بولغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 1735 - يىلىغا كەلگەندە، شۇنجىنىڭ 3 - ئەۋلادى چيەنلۇڭ تەختكە چىقتى. بۇ دەۋرلەردە چىڭ خاندانلىقى راسا كۈچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئاتا — بوۋىلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى بۇزماي، ئۇلارنى ئۆرنەك قىلىپ، گەنسۇنىڭ بۇ تەرىپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن ئىدى.

لېكىن 1745 - يىلى چيەنلۇڭنىڭ ئوردىسىغا كۈتۈلمىگەن بىر «مېھمان ئەلچى» پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ «مېھمان» غەربتىكى جۇڭغارىيىنىڭ ھۆكۈمرانى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ يەنە بىر ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشقۇچى داۋاچ[5] بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، جان ساقلاشقا ئامالى قالماي بېيجىڭغا چىڭ خاندانلىقىدىن ھەربىي ياردەم سوراپ، ئۆز رەقىبى داۋاچتىن جۇڭغارىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىپ ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن قارا نىيەت ئامۇرسانا ئىدى.

ئامۇرسانانىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن تەلىۋى پادىشاھ چيەنلۇڭغا تازا ياققان ئىدى. شۇڭا، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئامۇرسانانىڭ بۇ تەلىپىنى دەرھال خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تەخمىنەن 20 مىڭدىن ئارتۇق تاللانغان مانجۇ لەشكەرلىرىنى ئامۇرساناغ قوشۇپ جۇڭغارىيىگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇنلار جۇڭغارىيىنى تېزلا تىنچىتىپ، ئىلى - كۇرەدە «جياڭجۈن مەھكىمىسى» نى تەسىس قىلىپ، جۇڭغارىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئامۇرسانانى نامىدا «پادىشاھ» قىلىپ تىكلىدى. ئاندىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى - كۆرەدە تۇرىۋاتقان خوجا بۇرھانىدىننى[6] نامىدا «قوماندان»

# «ئىپارخان» ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى

ئۆمەرجان روزى

جۇڭگونىڭ چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە مەسىلىلەر كەلتۈرۈلگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا ۋە ئاپپاق خوجا (ھىدايىتىللا ئىشان) غا ئائىت بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە «ئىپارخان» دېگەن بىر شەخسنىڭ نامى ئۇچرايدۇ.

لېكىن ئىپارخان ھەققىدىكى راۋايەتلەر ۋە گەپ - سۆزلەرمۇ ھەر خىل - ھەر ياڭزا بولۇپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان چۈشەندۈرۈشلەر مەۋجۇت.

بەزى راۋايەتلەردە: ئىپارخان ئەسلى چىڭ خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ كېنىزىكى بولۇپ، ئاپپاق خوجا [1] بېيجىڭگە بارغاندا، پادىشاھ چيەنلۇڭ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تارتۇق قىلىنغانمىش، ئۇ ئاپپاق خوجا بىلەن جوغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە كەلگەنمىش، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتى ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغانمىش، خەنزۇلارنىڭ «شياڭفېي» (ئىپارخان قەبرىسى) دېگەن سۆزى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانمىش؛ ھازىرقى ئاپپاق خوجامازىرى ئىپارخاننىڭ مازىرىمىش، دېيىلىدۇ.

يەنە بەزى راۋايەتلەردە: ئىپارخان ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىم بېگى [2] — زايىتبەگنىڭ قىزى، ئەسلى ئىسمى مەختۇمە، لەقىمى ئىپارخان، خەنزۇچە ئىسمى جارۇيىڭ، ئۇ كېيىن پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ ئوردىسىدا كېنىزەك بولغان، دېيىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، 1764 - يىلدىن 1765 - يىلغىچە بولغان ئۇچتۇرپان، باي، سايرام خەلقلىرىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلىڭى ھەققىدىكى بەزى ماتېرىياللاردا، جۈملىدىن «زەپەرنامە» [3] دىمۇ: ئىپارخان بېيجىڭدە چىڭ خاندانلىقى پادىشاھى چيەنلۇڭدىن «مېۋىسى ئالتۇندىن، يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، شېخى تۆمۈردىن بولغان دەرەخ» ئەكېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇردۇۋالغانلىقى تۈپەيلى، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇچتۇرپان خەلقىگە نەچچە يۈز ھارۋا جىگدە كۆچىتى ئالۋىنى سېلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ، ئۇچتۇرپان، باي، سايرام خەلقىنىڭ شۇ قېتىمقى جىگدە كۆچىتى ئالۋىنىغا نارازى بولۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە سەۋەبچى بولغان، دېيىلىپ، ئۇچتۇرپان، باي، سايرام خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى «جىگدە كۆچىتى ئالۋىنىغا قارشى قوزغىلاڭ» دەپ ئاتالغان، ۋاھاكازالار.

ئىپارخان ۋە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ھەققىدە خۇددى يۇقىرىقىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بەزى گەپ - سۆزلەرمۇ بار، بۇلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئالتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) غا قوشۇن ئەۋەتىپ، پۈتكۈل ئالتە شەھەرنىمۇ ئىشغال قىلدى.

ئامۇرسانانىڭ بۇ «مۇۋەپپەقىيىتى» نىڭ داڭقى تېزلا تاراپ، ئىلگىرى خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان ھىدايىتىللا خوجىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە سۈرگۈن قىلىنغان بەزى ئەۋلادلىرىغا قايتىدىن ئۈمىت بېغىشلىغان ئىدى. بۇلاردىن تۇردى خوجا دېگەن بىرسى بېيجىڭگە باردۇ.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن «ئىپارخان» دېگەن دەل مۇشۇ تۇردى خوجىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. تۇردى خوجا ئەسلى ھىدايىتىللا خوجىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئېلى خوجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئېلى خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، تۇردى خوجا ئۆز سىڭلىسى ئىپارخاننى ئۆز ھىماتىسى ئاستىغا ئېلىپ، ئۆز تەربىيىسىدە چوڭ قىلدۇ. ئىپارخان كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ، شۇ زاماننىڭ بىلىملىك مۇدەررىسلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ، بىلىملىك، ئەقىللىق، بىسيار ساھىبجامال چوڭ بولدۇ. كېيىن تۇردى خوجا بېيجىڭگە بارغاندا، ئۇنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تۇردى خوجا مىلادىنىڭ 1759 - يىلى بېيجىڭگە بارغان ۋە چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدا مېھمان سۈپىتىدە ياخشى كۈتۈۋېلىنىپ، ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىلىپ، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئوردىسىدا ۋەزىر دەرىجىلىك مەنسەپكە تەيىنلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىپارخانىمۇ ئوردىدا ھۆرمەتكە ئېرىشىپ، 1762 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ، چيەنلۇڭنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن «توقال خانىش» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن.

1768 - يىلدىن باشلاپ «كىچىك خانىش» دەپ ئاتىلىپ، 1769 - يىلى «چىڭ خاندانلىقىنىڭ ساھىپ جامال خانىشى» دەپ رەسمىي بېكىتىلىپ، ئوردىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق خانىش بولۇپ قالغان.

ئىپارخان چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (مىلادى 1788 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى) 53 يېشىدا بېيجىڭدا ئۆلگەن. ئۇنىڭ جەسىتى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى زۇنخۇا ناھىيىسىدىكى «چۇنخۇي خانىشلار قەبرىستانلىقى» غا دەپنە قىلىنغان.

تۇردى خوجا چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدا ۋەزىر دەرىجىلىك مەنسەپتە تۇرۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 43 - يىلى (مىلادىنىڭ 1778 - يىلى) بېيجىڭدا ئۆلگەن. ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قەشقەرگە يۆتكەپ كەلگەن ھەمدە ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

راۋايەتلەردە دېيىلىپ كېلىنۋاتقان «شياڭفېياڭ نياڭ» ياكى «شياڭفېياڭ فېنمۇ»

دېگەنگە كەلسەك، بۇ ئەسلى مۇنداق چىققان گەپ:

تۇردى خوجا چىڭ ئوردىسىدىكى ۋاقتىدا، پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا 500 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىش بىلەن بىرگە، بىر كېنىزەكنى خوتۇنلۇققا بەرگەن.

تۇردى خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئەكېلىش ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ھېلىقى خوتۇنىمۇ ( خاتىرىلەردە ئۇنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىغان ) 20 دىن ئارتۇق ( بىر رىۋايەتتە 100 ئادەم دېيىلىدۇ، بۇ بەلكى ئىلى - كۇرەدىن قوشۇلغان مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن قوشۇلغان سان بولۇشى مۇمكىن ) كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلگەن. لېكىن قەشقەرگە يېقىن قالغاندا خانئۆي دېگەن يەرگە كەلگەندە ( ھازىرقى قەشقەر بەشكېرەم تەۋەسى ) تۇردى خوجىنىڭ ھېلىقى كېنىزەك خوتۇنى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالغان. ئۇمۇ تۇردى خوجا بىلەن بىللە ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

كېيىنكىلەر بۇنى « ئىپارخان » دەپ خاتا چۈشىنىپ قېلىپ، « ئىپارخان ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان » دېگەن گەپ پەيدا بولغان. شۇڭلاشقا، ئاپپاق خوجا مازىرى « شياڭنىياڭ فېنمۇ » دەپ ئاتىلىپ قالغان.

ئىپارخان چىڭ خانىدانلىقى ئوردىسىدا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ « مېۋىسى ئالتۇندىن، يوپۇرمىقى كۈمۈشتىن، شېخى تۆمۈردىن بولغان دەرىخى — جىگدە » نى سېغىنغانلىقى، ئاخىرى پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ ئۇچتۇرپاندىن بېيجىڭگە جىگدە دەرىخى يۆتكەپ كېلىشكە بۇيرۇق بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كېيىنكىلەرنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا ھېكايە - رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ يۈرۈشىمۇ تاسادىپىي ئەمەس، ئەلۋەتتە.

لېكىن بۇ ئىش پەقەت ئۇچتۇرپان، باي، سايرام خەلقلىرىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە بىۋاسىتە «سەۋەبچى» بولغان دەپ بىر تەرەپلىمە ئىزاھلىنىپ كەلدى. ھەتتا شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ «جىگدە كۆچىتى ئالۋىنىغا قارشى قوزغىلاڭ » دەپ ئاتالدى. لېكىن شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ پەقەتلا « جىگدە كۆچىتى ئالۋىنىغا قارشى قوزغىلاڭ » بولماستىن، ماھىيەتتە، ئۇلۇغ تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى ھەمدە شىنخەي ئىنقىلاۋى قاتارلىقلارغا ئوخشاش چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك، زالىم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ھەققانىي، ئۇلۇق خەلق كۈرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇنداق ھېساپلاشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

شۇ قېتىمقى جىگدە كۆچىتى ئالۋىنىغا تۇتۇلغان 200 دىن ئارتۇق دېھقانلار

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئاممىسى 1765 - يىلى رەخمەتۇللا دېگەن كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراش بەدىلىگە پارازىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، خەلقنىڭ قىساسىنى ئالغان. ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇلۇغ كۈرىشى خەلق كۈچىنى بىر قېتىم نامايىش قىلىپ « قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ، كۈرەش بولىدۇ » دېگەن بۇ ماركسىزملىق ھەقىقەتنى كۈچلۈك ئىسپاتلىغان ئىدى.

گەرچە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوزغىلاڭ پۈتۈن ئالتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) خەلقىنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشكە ناھايىتى زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. شۇندىن كېيىن پۈتكۈل ئالتە شەھەرنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا (كۇچا، قەشقەر، يەركەن، خوتەن) كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلمەي خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلاپ، مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىغا زادىلا ئارام بەرمىدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ كۈچلۈك زەربىسى تۈپەيلىدىن، مەنچىڭ ئىستىبداتلىرى يەرلىك خەلق ئۈستىدىكى باج - سېلىقلارنى ئازايتىشقا، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر يەرلىك خەلق ۋەكىللىرىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇشقا ... مەجبۇر بولدى.

مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق رايىغا بېقىپ زوھۇرىدىن، ئابدۇرەھىم نازارى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئالىجاناپ پەزىلەپ ئىگىلىرىنى ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى ھەمدە يەرلىك يۇقۇرى مەنسەپلەرگىمۇ يەرلىك كىشىلەرنى قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىچكى دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىششقا جۈرئەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكى بۇنىڭ روشەن مىسالى.

يۇقىرىقىلاردىن ئەشۇ مەشھۇر ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر قاتار كۈرەشلىرىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

X X X

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە «ئاپپاق خوجا بىبىچەك خانىمنىڭ ئالدىغا بارغان»، « ئىپارخاننى بىبىچەك خانى ئاپپاق خوجىغا تارتۇق قىلغان »، « ئىپارخان ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلىنغان» ۋاھاكازا، دېگەنگە ئوخشاش ھەرخىل گەپلەرگە كەلسەك، بۇلار پەقەت پەرەز ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان راۋايەت

خاراكتېرىدىكى سۆز - چۆچەكلەردىن ئىبارەت، خالاس.

ئاپپاق خوجىنىڭ تىبەت - لاساغا بارغانلىقى راست ئىش. لېكىن ئۇ بىيجىڭگە بارغان ئەمەس.

ئىپارخاننىڭ بىيجىڭگە بارغانلىقى، چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدا «خانىش» بولغانلىقى كېيىنكى دەۋردىكى ئىش بولۇپ، بۇ ئاپپاق خوجا بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

ئاپپاق خوجىنىڭ لاساغا بېرىشى مۇنداق بولغان:

مىلادىنىڭ 1671 - يىلى يەركەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ تەختىدە ئىسمايىل خان پادىشا ئىدى (شۇ مەزگىللەردىكى سەئىدىيە سۇلتانلىقىنى بەزى ياۋروپا ئالىملىرى كۆپىنچە «قەشقەر» ياكى «قەشقەرىيە» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە).

قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھىدايىتىللا خوجا دادىسى مەھەممەت يۈسۈپ خوجىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. 1671 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا پايتەخت يەركەنگە پەيدا بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنى «ئىشان» دەپ كۆرسىتىپ مۇرىت توپلاپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق نادان كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر نورمالنى كەسپلىرىنى تاشلاپ خانىقا، مازارلاردا ئاپپاق خوجىغا ئەگىشىپ «ياھۇ - يامەنھۇ» دەپ جەھرى سېلىشىپ، تەركىدۇنيالىق كوچىسىغا كىرىپ كەتكەچكە، پۈتكۈل سەئىدىيە سۇلتانلىقىدا تېرىلغۇ يەرلەر تاشلىنىپ، شەھەرلەردە نورمالنى ھايات سۇسلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىككى خىل ئىشانلىق گۇرۇھى — «ئاق تەقىيەلىكلەر» ۋە «قارا تەقىيەلىكلەر» پەيدا بولۇپ، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ، دۆلەتنىڭ تەرتىپى ئېغىر پاراكەندىچىلىك تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. مۇرىت - مەنپەئەت تالىشىش ئەۋج ئالىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئىسمايىل خان كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئاپپاق خوجىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، بۇ ئىشانلار ماجىرالىرىدىن خالىي بولۇشنى ئويلايدۇ ھەمدە بۇنى تېزلا ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاپپاق خوجا سەئىدىيەدىن قوغلانغاندىن كېيىن، ئاۋال بەدەخشان، ئاندىن پەرغانە، كاسان، ئەنجان، ئوش قاتارلىق جايلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن كەچۈرىدۇ. 1677 - يىلى يازدا كەشمىرگە كېلىپ تىلەمچىلىك قىلىپ، ئاندىن تىبەتكە ئۆتۈپ لاسادىكى دالاي V نىڭ ئالدىغا كىرىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن مۇسۇلمانلار پىرقىسىنىڭ خوجىسىدۇرمەن. ياركەند، كاشغەر مېنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىمدۇر، ھالا بىراۋ كېلىپ مەندىن سويۇپ ئېلىپ، مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلىدۇرمەنكىم: كىشى بۇيرۇپ، مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئېلىپ بەرگەيسىز» دەيدۇ («تارىخى نادىرىيە» بەت نومۇرى ئېنىق ئەمەس).

«ئاپپاق خوجا تەزكىرىسى» دىمۇ «... ھەزرىتى ئاپپاق خوجام جۇ شەھرىگە
باردىلەر» دېيىلگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن «جۇ» شەھرى، ئېھتىمال، ئۇ تىبەتتىن
ئىلى - كۇرەگە بېرىش يولىدا ئۆتكەن گەنسۇدىكى گەنجۇ ياكى جيۇ چۈەن بولۇشى
مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىمىز، بۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگونىڭ شۇ دەۋرلەردىكى تارىخىي خاتىرىلىرىدىمۇ ئاپپاق
خوجىنىڭ بېيجىڭگە بارغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ مۇشۇ چاقىچە ئۇچ-
راتقىنىمىز يوق. دېمەك، ئاپپاق خوجا بېيجىڭگە بارغان ئەمەس، بەلكى ئۇ دالاي
VI نىڭ ياردەم بېرىش ھەققىدە ئىلى - كۇرەدە تۇرۇشلۇق موڭغۇل - قالمۇقلارنىڭ
تۆرىسى قۇنتەيجى (ئارابدانخان) غا يېزىپ بەرگەن «يارلىقى» نى ئېلىپ،
گەنسۇ ئارقىلىق كۇرەگە كەلگەن. كۇرەدىكى قۇنتەيجى دىنىي مەركەز — لاسادىكى
پەيغەمبىرى دالاينىڭ يارلىقىغا بىنائەن، 12 مىڭ قالماق لەشكىرىنى ئاپپاق
خوجىغا قوشۇپ يەركەنگە ماڭغۇزغان. «ھىدايىتىللا خوجا قالماق لەشكەرلىرىنىڭ
ھىمايىسى بىرلە يەركەن شەھرىنى ئالدىلەر.» («تارىخى نادىرىيە») ئاپپاق خوجا
تاكى 1694 - يىلى (ئوتتۇرىدا بىر قېتىم ئاغدۇرۇلۇپ، يەنە جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى
بىلەن تەختكە چىقىۋالغان)، خوجا ئىسھاق ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن زەھەر بېرىپ
ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، يەركەندىن باشقا جايلارغا بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات
ئۇچرىتالمىدۇق.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلار «ئىپارخان» ۋە ئاپپاق خوجا ھەققىدىكى خىلمۇ -
خىل رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن چەتنەپ كەتكەن ۋە بۇرمىلانغان مەسىلىلەرگە
قارىتا تارىخقا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، تېگىشلىك چۈشەنچە ۋە جاۋاپ بېرىش —
ھەر بىر تارىخ ساھەسىدىكىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، ئەلۋەتتە.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن بۇ ماقالەمدىكى سەۋەن جايلارغا تارىخ ساھەسىدىكى
يولداشلارنىڭ تەنقىد ۋە ياردەم بېرىپ تۈزىتىپ كېتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

---

ئىزاھاتلار:

① ئاپپاق خوجانىڭ ئەسلى ئىسمى خوجا ھىدايىتىللا بولۇپ، 1626 - يىلى قۇمۇلدا مىر-
سەئىد جېلىل قەشقىرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخابېگە خېنىم دېگەندىن تۇغۇلغان.
دادىسىنىڭ ئىسمى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ بولۇپ، 1638 - يىلى دادىسى ئۇنى
قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ھازىرقى ئاپپاق خوجا مازىرى بار

جايدىكى قەبرىستانلىقتا كۆمۈلگەن. 1667-يىلى خوجا ھىدايىتۇللا يەركەنگە كەلگەن، 1678-يىلى ئۇ تىبەتتىكى دالاي VI نىڭ قېشىدىن ئىلىغا كەلگەندە، ئىلىدىكى قالماق تۆرىسى قۇنتەيجى (ئارابدانخان) ئۇنىڭغا «ئاباق خوجا» (رەئىس خوجا) دەپ نام بەرگەن، لېكىن ئۇ «ئاباق» سۆزىنى «ئاپپاق» دەپ چۈشىنىپ، ئۆزىنى «ئاپپاق خوجا» دەپ ئاتىۋالغان.

② ھاكىم بەگ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ساقچى، باج ئېلىش، غەللە-پاراق، ئالۋان ياساق، دەۋا-دەستىگەر... قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بىرخىل يەرلىك مەنسەپ بولۇپ، ھاكىم-بەگلەر مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا تايىنىپ، يەرلىك خەلقلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلاتتى ۋە ئۆزىگە بايلىق توپلايتتى.

③ «زەپەر نامە» 19-ئەسىردە ئاقسۇدا ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، تارىخچى موللا شاكىر تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان بىر نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇچتۇرپان، باي، سايرام خەلقلىرىنىڭ مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى تەسۋىرلەنگەن. بۇ بىر چوڭ ھەجىمدىكى ئېپىك داستان بولۇپ، 4380 مىسرادىن تۈزۈلگەن. شائىر بۇ داستاندا مەنچىڭ ئىستىبداتلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلاردىن پايدىلىنىپ ئەمگەكچى خەلقنى پاجىئەلىك تۈردە ئەزگەنلىكىنى ۋە خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانلىقىنى ھەقىقىي پاكىتلار بىلەن ئەينەن تەسۋىرلىگەن.

شائىر موللا شاكىر 1802-يىلى تۇغۇلغان، «زەپەرنامە» نى 61 يېشىدا 5 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

④ مىڭ سۇلالىسى جۇڭگونىڭ تاڭ، سۇڭ سۇلالىرىدىن كېيىن قۇرۇلغان فېئودالىق ھاكىمىيەت بولۇپ، مىڭ سۇلالىسى مىلادى 1368-يىلدىن 1644-يىلغىچە جەمى 277 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

⑤ داۋاچ (بەزى خاتىرىلەردە داباچى دېيىلىدۇ) جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ قەبىلە باشلىقى بولغان.

مىلادىنىڭ 1745-يىلى قۇنتەيجىنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چىۋانا دورجى نامزارى ۋارىسى بولىدۇ. 1750-يىلغا كەلگەندە، ئۇ ئانا بۆلەك ئاكىسى لاما دارزا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. 1752-يىلى لاما دارزا ئامۇرسانا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن ھوقۇقنى داۋاچ ئىگىلىۋالىدۇ. 1753-يىلى ئامۇرسانا بېيجىڭگە بېرىپ چىڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، جۇڭغارىيىدە «خان تەيجى» بولغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

داۋاچ قېچىپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەندە، ئۇچتۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى غوجەشبەگ تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، مانجۇ چېرىكلىرىگە تاپشۇرۇلغان، كېيىن بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن. 1756 - يىلى ئامۇرسانا مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، پادىشا چيەنلۇڭ داۋاچنى يېڭىباشتىن ئىشقا سېلىپ، نامجۇ قوشۇنلىرىغا باشلىق قىلىپ جۇڭغارىيىگە ئەۋەتىدۇ. داۋاچ باشلاپ كەلگەن بۇ قوشۇن ئامۇرسانا قوزغىلىڭىنى باستۇرىدۇ. ئامۇرسانا روسىيىگە قېچىپ بېرىپ، 1757 - يىلى سىبىرىيىدە ئۆلىدۇ. شۇنىدىن كېيىن داۋاچ جۇڭغارىيىنىڭ ھۆكۈمرانى بولىدۇ.

6. خوجا بۇرھانىدىن — ئاپپاق خوجىنىڭ يەي نەۋرىسى بولۇپ، مانجۇلار جۇڭغارىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇ ۋاھاببەگ، ئۇچتۇرپان ھاكىمى غوجەشبەگلەرنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن «گۆرە» ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان بۇرھانىدىننى نامدا «لەشكەر باشلىقى» قىلىپ، ئالتەشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋە ئالتە شەھەرنىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. خوجا بۇرھانىدىن دەسلەپ مەنچىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھىمايىسىدا پۈتكۈل ئالتە شەھەردە تېزلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، خەلقنى زور دەرىجىدە قىرغىن قىلغان. «...... ئاقسۇ، يەركەن، خوتەن، قەشقەر، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىن بولۇپ 80 مىڭدىن ئارتۇق بىچارە پۇقرانى «سەنلەر يۈسۈپ خوجا، خوجا جاھاننىڭ ياردەمچىلىرى» دەپ ناھەق ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى قالماقلارغا بۇلاتقۇزۇپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.» («زەپەرنامە» تەرجىمە نۇسخىسى 4 - بەت) لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خوجا بۇرھانىدىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، يۈزنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، ئىنىسى خان خوجا بىلەن بىرلىكتە «باتۇرخان دۆلىتى» نى قۇرغان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە شەھەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرغان. لېكىن چىڭ سۇلالىسى كۆرەدىن ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، «باتۇرخان دۆلىتى» نى يوقىتىپ، بەدەخشانغا قېچىپ كەتكەن، خوجا بۇرھانىدىننى ۋە ئىنىسى خان خوجىنى تۇتۇپ ئەكېلىپ كورلىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ۋەقە «زەپەرنامە» دە مۇنداق يېزىلغان: «قەشقەردىن بۇرھانىدىن خوجىنى ئىلىغا قىچقارتىپ ئېلىپ بېرىپ، غالدان داباچى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ پۈتۈن جەنۇپتىكى 8 شەھەر (نەنلۇ باچېڭ) نى ئايلاندۇرۇپ كورلىدا ئۆلتۈردى.» («زەپەرنامە» 4 - بەت)

قوشۇمچە: ئاق تاغلىق خوجىلار نەسەبى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com